مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# HERITAGE UIGHUR FOLKLITERATURE



# 美拉斯 MIRAS

# ميراس

1

2005

ISSN 1004-3829
02>
9 771004 382027

www.uyghurkitap.com











ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال　　2005 ـ يىل 1 ـ سان


## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، تىلىنى تۈزۈشتىن باشلا

ئائىلە مائارىپىمىزغا نەزەر.......................... ئابدۇۋەلى تۇرسۇن (1)

## ئايدىڭ كېچىلەر

ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى.... تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (7)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل پەرھىز ئادەتلىرى............ ئەنۋەر سەمەد قورغان (10)

فولكلور ـــ ئىنسانىيەت روھىنىڭ گۈزەل جۇلاسى.......................... (23)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

نۇزۇگۇم ئۆچكۈرى........................ توپلىغۇچى: تۇرسۇن زىرىدىن (22)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

بۈيۈك چىلى پادىشاھلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن نەسلى قۇرۇپ كەتكەن.................................................................. (37)

ھەقتىن قورقۇش كېرەك........................................... (59)

خىيانەتچى ئەمەلدار قانداق بولىدۇ ............................... (66)

ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تۇخۇم........................................ (67)

سۆيگۈ مۇنداقمۇ ئىپادىلىنىدۇ........................................ (74)




(ئومۇمىي 87 ـ سان)


باش مۇھەررىر:

**يۈسۈپ ئىسھاق**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:

**ئەسقەر مەخسۇت**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004- 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

باھاسى: 5.00 يۈەن

قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغاندىن كېيىن........................ (76)

### چەت ئەللەردىكى نەزەرىمىزدىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت............ نۇشىرۋان يائۇشېۋ (روسىيە) (42)

### كۈلكە ــ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار........................................................................ (55)
شەيتان بەت........................................................................ (78)

### گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

ئىمتىھان ................................ ۋاھىتجان غوپۇر (58)

### بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

ئۇلۇغبېكنىڭ پاراستىگە بېغىشلانغان رىۋايەتلەر.........................
...................................... تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (61)

### ساغلاملىق ــ شادلىق

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى....... كامال ھىسامىدىنوۋ (قازاقىستان) (69)

### ئەلنىڭ ئىزلىنىشى ئەللىك

فىنلاندىيە ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ماتېرىيال خەزىنىسى (خىلىسىنكى)
(75) ..............................................................................

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ ، 4 ـ بېتىدىكى رەسىملەرنى مەمەت رېھىم سىزغان

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇختار تۇردى

ئىچ بەتلەرنى لايىھىلىگۈچىلەر: نۇرنىسا باقى، خۇرسەنئاي مەتىمىن

## مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

## ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22ـنومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

## قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

编辑:《美拉斯》编辑部　主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会 (乌市友好南路 22 号文联 14 层)　电话: 4554017　印刷: 新疆日报社印务中心　发行: 乌鲁木齐邮局　订阅: 全国各地邮局　国内统一刊号: CN65－1130/I　国外统一刊号: ISSN1004－3829　邮编: 830001　代号: 58－60　定价: 5.00 元

تەھرىر بۆلۈمىمىزدىكى بارلىق خادىملار بىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلەرگە، ئاپتورلارغا، ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى يىللىق ۋە قۇربان ھېيتلىق سالام يوللايمىز!



MIRAS

# ئائىلە مائارىپىمىزغا نەزەر

ئابدۇۋەلى تۇرسۇن

ئائىلە مائارىپى مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولۇش بىلەن بىرگە، ئىنسانىيەت ھاياتلىقىدىكى بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنىڭ مۇكەممەللىك بىناسىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇشتىكى ھالقىلىق تۇتقا ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا «مەكتەپ تەربىيىسى ئائىلە ۋە يەسلى تەربىيىسىنىڭ داۋامى. ناۋادا ئاتا ـ ئانا ئىلگىرىكىدەكلا تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بالىلارنى ھەر خىل تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى مۇۋاپىق ھەل قىلالايدىغان قىلالىسا، مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. بەزى مەدەنىيەتلەردە بالىنى پۈتۈنلەي ئائىلىدە تەربىيىلەيدىغان ئەھۋال بار» (ئالفىر ئادلېر). بۇ بىزگە قانداقتۇ مەكتەپ تەربىيىسى ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇشى كېرەك دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ، بەلكى ئاشۇ مائارىپ تەربىيىسىدە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ «تۇتقا»لىق رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد، مەدەنىيەتلىرىنىڭ، دۇنيا قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىمۇ ئوخشىماي كەلگەن.

ئىلغار مەدەنىيەت ئېڭىغا ئىگە غەربلىكلەر ئائىلىدە بالىلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيىنى ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە جەمئىيەت، خەلق، جۇملىدىن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئالىي مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق كۆپ خىل شەكىلدىكى تەربىيىلەر ئىچىدە، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا شاللاش ـ شاللىنىشنى تۈپ مىزان قىلغان، رەھىمسىز ھاياتنىڭ مۇشكۇل مۇساپىلىرىدە، جەمئىيەتنىڭ ئېغىر بېسىملىرى ئالدىدا، قانداق قىلغاندا تەمتىرىمەي مۇستەقىل ئىلگىرىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا تەپسىلىي ھالدا نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. بۇ توغرىدا ئىدىيىۋى تەييارلىق كۆرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

بۇ يەردە بىز يەھۇدىيلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئالاھىدە ئەسكەرتمەي تۇرالمايمىز. يەھۇدىيلار بالىلىرى ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچە، ئۇلارغا «تەۋرات»قا ئائىت بىلىملەر ئاساسىي جەھەتتىن بېرىپ بولۇنىدىكەن. يەھۇدىي بالىلىرى ئېتىقاد، ئەخلاقىي نۇقتىدىن، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئەجداد روھىدىن ۋۇجۇدىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، روھىي ئېنېرگىيە ئالغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە بالىلىرىغا دۇنيادا تەسىرى بار چەت ئەل تىلىدىن بىر ـ ئىككىنى ئۆگىتىدىكەن. بۇ تەرەپتىن ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدىكەن، قالغان بىلىملەرنى بالىلارنىڭ مەكتەپ، جەمئىيەت ئارقىلىق بىلىۋېلىشىغا قالدۇرىدىكەن.

تۈركىيىلىكلەرنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلار بالىلىرىغا دەسلەپ دىنىي، مىللىي ئەخلاق بىلىملىرىنى كۆپرەك ئۆگىتىدىكەن. تۈركلەر بالىلىرىنىڭ قورقماس، جەسۇر بولۇشىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارغا كۆپرەك ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىكەن. ئۇنىڭدىن سىرت، تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدىكەن...

ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ بالا تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئىلگىرىكى زامانلاردا ئاتا ـ ئانىلار ئۆيلىرىدە بالىلىرىغا دىنىي، ئەخلاقىي، ئەقلىي بىلىم تەربىيىسىنى مۇكەممەل بەرگەندىن سىرت، چەۋاندازلىق، چانبازلىق، ئوقيا ئېتىش، ئات مىنىشتەك ماھارەتلەرنى تولۇق ئىگىلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بەرگەنىدى.

پەرزەنت ـــ ئىنساننىڭ ئۈمىد چىرىغى. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى، شۇ جەمئىيەت مەۋجۇدىيىتىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن، ئەكسىچە بولسا ھالاكىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئەينى چاغدا تەسىرى چوڭ بولغان چەت ئەل تىللىرىنى بالىلىرىغا ئۆگەتكەن. مەخمۇد قەشقىرى ھەم چەۋەنداز باتۇر، ھەم كۆپ خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان ئالىم، تىلشۇناس ئىدى. ناۋايى پارس، ئەرەب ۋە ئانا تىلىنىڭ پىرى بولسا، كۇسەنلىك مەشھۇر بۇددا تەرجىمان كۇمراجىۋا ھىندى، خەنزۇ تىللىرىنى ئۆز دەۋرىدە پىششىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانىدى. مانا بۇلار ئىلگىرىكىلەرنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى، ئىلىم خەزىنىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندەشتىكى ماھارىتىنىڭ ئىلغار دەرىجىدە ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى. «ئوغۇلنى بىكار بوش يۈرمە سەن قويۇپ، بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ، تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل، ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)، «ئوغلۇم مەندىن ئۆگەن، ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بىلىمىڭنى تارات» (مەھمۇد قەشقىرى). بۇ توغرىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر بىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن روشەن بايقاپ ئالغىلى بولىدۇكى، قەدىمكىلەر بىلىم دۇردانىلىرىنى كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىشنى شەرەپ، باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەت دەپ بىلگەن.

بىزنىڭ ئىلىم خۇمار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەلەپچان، ئىنتىلىشچان، قەيسىرانە روھى بىلەن ھازىرقى ئادەملىرىمىزنىڭ ۋاكۇئوملاشقان ئېڭىنى، جىلغ باسمايدىغان «مەدەنىيەت سەۋىيىسى» نى، ئىلىمگە بولغان سۇس قىزىقىشىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇلار ئارىسىدىكى ھاڭنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. ھازىرقى سۈنئىي ئوبيېكتىپ مەدەنىيەت ئەشيالىرى بىلەن تويۇنغان، مەيلى شەھەرلەردىكى بولسۇن ياكى يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدىكى ئائىلىلەردە بولسۇن، ئەنئەنىۋى مىللىي روھىيىتىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى قەدىرلەپ، ئىنسانىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ ۋە ئۇنى ئىلغار ئالىي تەرەققىياتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارالايدىغانلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى، ئائىلە باشلىقلىرى ئىچىدە بالىلارغا قارىتا ئەمەلىي، ئىلمىي تەربىيە ئېلىپ بارالايدىغانلار كەمدىن كەم تېپىلىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتى، كلاسسىك مەدەنىيەت ھازىرقى غەرب مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۆز ئارا ئۇچراشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مېخانىزمىنى تېخىمۇ بېيىتىش، ئۇنى يېڭى مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە لايىق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش، كەمتۈك يەرلىرىنى تولۇقلاش دېگەنلىكتۇر. بۇ يۈزلىنىشنىڭ ئۇتۇقلىرى يەنىلا جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن ھۆجەيرىسى بولغان ئائىلىدىن، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە باغلىق. ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، ھازىرقى ئائىلە تەربىيىچىلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشى، بالىلارنى مەنىۋى بالاغەت نۇقتىسىدىن تەربىيىلەش ئۆلچىمىگە قەتئىي توشمايدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا چۆكمە بولۇپ قېپقالغىنى قاتماللاشقان ئۆزىگە ئىشەنمەي، باشقىلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ ياشاشتەك ھايات مەنتىقىسى. شۇڭلاشقا ئۇلار جەمئىيەتنىڭ كەسكىن كۈرەش مەيدانىغا رىقابەت كۆزى بىلەن قارىيالمايدۇ. ئۇلاردا بار بولغىنى ئۆز ئىشەنچىنى يوقىتىش، گاڭگىراش... بۇ ئائىلە باشچىلىرىدا يەنە ئەنئەنىۋى

2005.1

تۇيغۇلار بىلەن جىپسىلاشقان ئىلغار شەكىللەرنى، جانلىق
ئامىللارنى ھازىرقى مائارىپ ـ مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن
پاراللېل ئېلىپ بارىدىغان ساغلام ئۈمىدۋارلىق ئاجىز.
بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىنسانىي ئەخلاقىي
مەۋقەدە تۇرۇپ، تەپەككۇر غۇنچىلىرىنى پورەكلىتىشنى،
توغرا يۆنىلىشلىك تەلىم ئېلىپ بېرىشنى بىلمەي، قوبۇل
قىلىش ئىنتايىن تەس بولغان ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى كۆ-
چەپ تاڭىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ئائىلە مۇھىتىدا ئۆسۈپ
يېتىلگەن بالىلاردا ئىنسانىيەتكە، مىللىتىگە مەنپەئەت ئې-
لىپ كېلىدىغان غايىۋى تەلپۈنۈش، ھايات مۇشكۈلاتلىرىغا
كەسكىن جەڭ ئېلان قىلىش دېگەندەك جاسارەتلەر بول-
مايدۇ ۋە ئاقىۋەت ئۇزاق مەزگىللىك ئۆز ئىنسانىي قىم-
مىتىنى ئىزدەشتەك جاپالىق تىرىشچانلىققا بەرداشلىق
بېرەلمەي ئاسانلا بەل قويۇۋېتىدۇ. بۇنىڭدەك مەنىۋىيىتى
ساغلام بولمىغان بالىلار قورامىغا يېتىپ، جەمئىيەتكە
چىققان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردا جەمئىيەتنى سوغۇق قانلىق
بىلەن كۆزىتىدىغان ساغلام قەلب كۆزى مەۋجۇت بولماي-
دۇ. نەتىجىدە بۇ بىزنىڭ خاتا تەربىيىمىزنىڭ مەھسۇلات-
لىرى كېيىنكى چاغلاردا ئۆز ـ ئۆزىنىڭ خىيانەتچىلىرىگە
ئايلىنىپ قېلىپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن شەپقەتسىزلىك بە-
لەن سىقىپ چىقىرىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ بىز شۇنداق ئېيتا-
لايمىزكى، ئائىلە تەربىيىسى بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە جەم-
ئىيەتكە يارامىلىق ياكى يارامسىز ئادەم بولۇپ قېلىش ـ
قالماسلىقىدا مەكتەپ تەربىيىسىگە ئوخشاشلا تۈرتكىلىك
ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئائىلىدىكى مائارىپ تەربىيىسى بالىلار مەكتەپلەردىنمۇ
ئالالمايدىغان زور ئىلىملەرنىڭ مەنبەسى. شۇنداق ئىكەن،
كۆپلىگەن ئىلمىي پائالىيەتكە دائىر ئىشلارنى ئائىلە مائا-
رىپىدىن باشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ... بىزگە مەلۇم ئېي-
نشتېيىننىڭ ئانىسى ئۇنىڭ كاتتا ئالىم بولۇپ چىقىشىدا
ئالاھىدە رول ئوينىغان. ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى
ھېمىڭۋاينىڭ بوۋىسى ئىلگىرى ئامېرىكا جەنۇب ـ شىمال
ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بۇنىڭدىن
پەخىرلىنەتتى. ھېمىڭۋاي ھاياتىدا بۇ بوۋىسىنى كۆپ تىلغا
ئالغان. ئۇنىڭ شەخسىيەتسىز، سەممىي، ئەرلەرگە خاس
ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان باتۇر جاسارىتى بۇ كاتتا
يازغۇچىنىڭ ھاياتىغا قالتىس ئۈلگە بولغانىدى. بۇ ھالەت
ئۇنىڭ ھاياتىدا تالاي قېتىم كۆرۈلگەن. ئۇ بوۋىسى، ئا-
نىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ھەر-
بىي ئىشلارغا دائىر كىتابلارنى بېرىلىپ ئوقۇغان. ماتېۋ
بىرادىنىڭ رەسىملەر توپلىمىنى تەتقىق قىلغان، شۇڭلاشقا
ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا 26 پارچە ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەر

يازغان. گېرمانىيە پەيلاسوپى نېتشىنىڭ پەلسەپە، مۇزىكا
ۋە شېئىرىيەت تالانتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ، ۋايىغا يېتىشىدە
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان ئىدى. ئۇ
كىچىكىدە مۇزىكىغا ئالاھىدە قىزىققان. بۇ ئۇنىڭغا دادى-
سىنىڭ تەسىرىدىن ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئانىسى ئۇنىڭغا
پىئانىنودىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر پىئانىنوچى
ئايالنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ قويغان، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ
بۇ جەھەتتە خېلى نەتىجە قازانغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ
روھىي ئازابقا ئۇچراپ يەككە ـ يېگانە ياشىغان دەملەردە
شېئىر ۋە مۇزىكا ئۇنىڭغا تەسەللىي بولۇپ قالغانىدى.
مۇزىكانت مۇزارتنىڭ ئانىسى لېوپولد ئۇستا مۇزىكىشۇ-
ناس ئىدى. ئۇ بۇ كەنجى بالىسىنى ئۇستا مۇزىكانت قىلىپ
تەربىيىلەش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئۇنىڭ
ئۇستىگە مۇزارتنىڭ دادىسىنىڭ ئوردا ئوركېستىرىدا نۇر-
غۇن ياخشى دوستلىرى بار ئىدى. مانا مۇشۇنداق يېتەر-
لىك ئائىلە شارائىتى مۇزارتنى دۇنياۋى شەخسكە ئايلان-
دۇرغان.

بۇ بىزگە ئائىلە مائارىپىنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ
ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىدە رولىنىڭ چوڭلۇقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىر بىزدە مىللىي روھقا بولغان
ئاشىقانە تەلپۈنۈپ، يەھۇدىيلار كەبى دۇنيا خەرىتىسىگە
قاراپ، يۈرەك پارىلىرىگە قەغەز يۈزىدە بولسىمۇ، ئۇ، بۇ
دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى
بىلدۈرۈشكە، چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىلغار تەرەپ-
لىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ، سىرتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئۇتۇقلى-
رىنى چۈشەندۈرۈشكە، ئۇلارنى بۇلار بىلەن تونۇشتۇ-
رۇشقا ئىلمىي قۇدرىتى يەتمەيدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن كىشى-
لىرىمىزنىڭ نەزىرىدە، دۇنيا ئۆزلىرىنىڭ ئېڭى كەبى
شۇنچىلىكلا تار، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆز يۈرەكلىرىنىڭ
پارىسى بولغان پەرزەنتلىرىنى ئاشۇ كامىردەك بىقىسىق
دائىرىگە سۆرىسە سۆرەيدۇكى، ھەرگىز ئالەمشۇمۇل نە-
تىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكچى ئەمەس. «ئادەتتە
كۆيۈمچان ئانىلار ۋە ئاياللار ئۆز بالىلىرىنىڭ ـ مەھبۇ-
بىلىرىنىڭ ناتونۇش تەرەپلەرگە بېرىشىغا ئۇناشمايدۇ.
ئۇلارنىڭ روھى جەھەتلەردىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توس-
قۇنلۇق قىلىدۇ. ئەقىل ـ ئىدىراك نۇرى بىلەن يۇرتىل-
مىغان بۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەت، ئالەمنى قۇچاقلاشقا
ئىنتىلگەن ئاشۇ نارەسىدە روھلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش-
نىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا زەنجىر بىلەن ئېسىل-
غان تاش بولۇپ، ئۇلارنى يارامسىزلىق ئورىكىگە سۆ-
رەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاخىرىدا ئالەم بىلەن ئادەملەر
بىرلىكىنىڭ سىرلىرىنى چۈشەنمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ.»

(جالالىددىن رومى) مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئوغۇل قىزنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە تۈزىلىشىنىڭ سەۋەبى ئاتا ۋە ئانىدۇر... ئوغۇل ــ قىزنىڭغا ئەدەب ۋە بىلىم ئۆگەتكىن...» دېگەن ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزدىكى ئاتا ــ ئانىلار بۇ توغرىدا تېخى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ گۆھەردەك قىممەتلىك ئۈگۈتلىرىنى چۈشەنمىگەندەك قىلىدۇ. ئۇلار بالىلىرىغا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ قانداق قىلىپ قەيسەرلىك بىلەن جاپا ــ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئاجايىپ ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەنلىكلىرىنى، ھەقىقەت يولىدا ئېلىپ بارغان تەۋەككۇلچىلىكلىرىنى سۆزلەپ، ئاتىلار روھىنى ئەۋلادلار ئالدىدا قايتا نامايان قىلىپ كۆرسىتەلمەيدۇ. ئىلگىرى بىز بوۋاي ــ مومايلىرىمىزنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارغا باي چۆچەكلىرى ئارقىلىق، ئۆزىمىزنى غايىۋى بىر ئالەمدە تۇرغاندەك سېزەتتۇق. ئاشۇ پەلسەپىۋى، مىللىي، ئىنسانىي تۇيغۇلارغا باي خىيالىلىق تونىغا ئورانغان رېئاللىقنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇتلۇق ئىستەكلەر بىلەن ئارمانلىرىمىزنىڭ پېچەقىنى بىلەر ئىدۇق. ئاشۇ تارىخنىڭ تىرىك گۇۋاھچىلىرى بولغان بوۋاي ــ مومايلارنىڭ سېھىرلەشكەن ئەقىل دۇردانىلىرى ــ چۆچەكلىرى، بىزنىڭ تارىخ بارخانلىرىغا چوڭقۇر كۆمۈلگەن يىراق ئەمەلىيىتىمىز بىلەن ھازىرقى دۇنيانى باغلاپ تۇرىدىغان مەنىۋى ۋاستىلەر ئىدى... بىراق، ھازىرقى «ئۇچقاندەك تەرەققىيات» پاراۋۇزىغا چىقىۋېلىپ «مەدەنىيەت» قالپىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بەزى ئاتا ــ ئانىلار ئىلگىرىكى چۆچەك شەكلىدىكى قەدىمدىن بىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپ كەلگەن مىللەت ۋە ئەنئەنىۋى ئائىلە دەرسلىكلىرىمىز توغرىسىدا مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە ئەمەس. تارىختىن مەلۇمكى، جالالىددىن رومى ئىدىيىسىگە ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى نەسەبە موماي ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەر، رىۋايەتلەر، داستانلار، شۇنداقلا دادىسى ئېيتىپ بەرگەن خەلق ھېكايىلىرى، ھېكمەتلەر، جىلىد ــ جىلىد ھەدىسلەر، غەززالى، ئەل خارازىمىدەك مەشھۇر ئالىملارنىڭ كىتابلىرى ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەنىدى...

نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىشى، ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىشى، ھازىرقى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ، شۇنداقلا ياش ــ ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ روھىغا زور بېسىم ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ــ بىرىدىن باشلاندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاتا ــ ئانىلارمۇ ئائىلىدە بالىلىرىنى قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسىدە خېلىلا گاڭگىراپ قالدى. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش، تەربىيىلەشتە يەنىلا ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇندا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندەكمۇ بولدى. ھەتتا بەزىلەردە نېمە قىلىشنى بىلمەسلىك، بالا تەربىيىلەشتىن ۋاز كېچىشتەك بىنورمال پىسخىك ھالەت شەكىللەندى، ئارقىدىنلا جەمئىيىتىمىزدە بىكارچى، كوچا چېگداپ لاغايلاپ يۈرىدىغان، ئۆزى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە بىپەرۋا ياش ــ ئۆسمۈرلەر، «مايلامچى» ۋە ئاشخانىلارغا يالىنىپ ئىشلەيدىغان «بالا ئىشچىلار» ... بارلىققا كەلدى ۋە بۇ زور ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلاندى.

مەن يېقىندا ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر شەھەرگە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بارغان بىر ئاغىنەمدىن مۇنداق بىر تەسىرلىك ۋەقەنى ئىشىتكەنىدىم . دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆزى بارغان شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاۋات رەستىلەرنىڭ بىرىدە 17 ــ 18 ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر ئۇيغۇر بالىنى ئۇچرىتىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى كىرلىشىپ قاسماقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بالىنىڭ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ، ئەمدىلا ياشلىق دەۋرگە قەدەم قويغان بۇ ئۆسمۈرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن شۇنچە يىراق بۇ شەھەرگە كېلىپ قېلىشى دوستۇمغا غەلىتە تۇيۇلغان. ئۇ گۇمان بىلەن بالىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى سورىغاندا، بالا كۆڭلىدىكى دەردىنىڭ بارىنى ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ تۇغۇلۇپلا ئاتا ــ ئانىسىنىڭ مېھرىگە، تولۇق تەربىيىسىگە ئېرىشەلمىگەنىكەن. ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسى ئۇ مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە «پۇل جىق كېتىدۇ، ئوقۇساڭمۇ بەربىر خىزمەت تاپالمايسەن»... دەپ ئوقۇتمىغان ئىكەن. دادىسى هاراقكەش، قىمارۋاز بولۇپ، ئۇ ئۆيدىكى بارلىق پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى، ھەتتا بالىنىڭ ئانىسىنىمۇ قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئىكەن. ئۆيىگە كىرىدىغان مۇقۇم ئىقتىسادىي كىرىم بولمىغاچقا، بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ جان بېقىشى بارغانچە قىيىنلىشىپ بارغان، ئاقىۋەت بۇ بالا 13 ــ 14 يېشىدىن باشلاپ، دادىسىنىڭ زورى، مەھەللىسىدىكى يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ تۈيۈق يولغا باشلىشى بىلەن كەنتتىكىلەرنىڭ، قوشنا ــ قولۇملارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوغرىلىققا كىرگەن، باشقىلار بايقىمىغانسېرى ئۇنىڭ دادىسى ھەدەپ ئۇنى بۇ ئىشقا زورلاۋەرگەن، بۇ قارا نىيەت ئاتىنىڭ نەپسى بارغانچە يوغىناۋەرگەن، ئۇ بالىسى ئوغرىلاپ كىرگەن نەرسىلەرنىڭ بارىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئەگەر كېلەر قېتىم

(Right column continuation:) مىزگە قېرىنداشلارچە كۆرسىتىپ كەلگەن ئوتلۇق مۇھەببەت، خۇددى جەنۇبىي قۇتۇپ مۇزلىرىدەك ئۇيۇشۇشقا





www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىنمۇ جىقراق نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ كەلمىسە، ئۆ-
يىگە كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپ بالىغا تەھدىت سالغان، بالا ھارام يول بىلەن
ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى رەھىمسىز ئاتا قىمار ئويناپ
ئۇتتۇرۇۋەرگەن... دادىسىنىڭ تاياق توقمىقىغا چىدىمىغان
بۇ بالا «ئىچكىرى ئۆلكىلەردە پۇل تاپقىلى بولىدۇ» دەپ
ئاڭلاپ، باشقىلار بىلەن بۇ ياقلارغا چىققانىكەن. بۇ بالا
يەنە يېقىندا بىر توپ بالىلار بىلەن نۇرغۇن پۇلنى ئوغ-
رىلىغان، ئۇنىڭدىن تىقىپ يۈرۈپ 10 مىڭ يۈەن پۇلنى
ئاران ساقلاپ قالالىغان، بۇ پۇللارنى ئېلىپ يۇرتىغا بار-
غاندا، دادىسى ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ بارلىق پۇللارنى
سىپرىۋالغان ۋە بالىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان. تۇيۇق
يولدا تالاي قېتىم مېڭىپ كۆرگەن بۇ بالا ئىچكىرىگە قايتا
يېنىپ كەلگەندە، ئۇ ئېغىر دەرىجىدە بىر خىل يۇقۇملۇق
كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغاچقا، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى يارا بو-
لۇپ كەتكەن، ئەھۋالنى كۆرگەن كىشىنىڭ بەدىنى تىكەن-
لىشىپ كەتكۈدەك يامان ئىكەن... بالىنىڭ دوستۇمغا دې-
يىشىچە، ئۇنىڭ بۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشىغا ۋە كې-
يىنكى بۇ قىسمەتلىرىگە دادىسى سەۋەبچى بولغانىكەن، ئۇ
ئۆزىمۇ مېڭىۋاتقان بۇ يولنىڭ تولىمۇ قورقۇنچلۇق جىنا-
يەت يولى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. دوستۇمنىڭ ئۇنىڭغا
ئىچى ئاغرىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ مەكتەپ قوينىغا يېنىپ
كېلىشىنى ئۆتۈنۈپ، ئۇنىڭغا يۇرتىغا قايتىش پۇلى بېرىپ
نەسىھەت قىلغاندا ئۇ ھۆڭرەپ يىغلىغان ھالدا، ئېغىر
كېسىلىنى داۋالىتىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە يۇرتىغا بارسىلا دادىسى ۋە ئەتراپىدىكى يامان
نىيەت ئادەملەرنىڭ ئۇنى ھامان مۇشۇ يولدا مېڭىشقا
مەجبۇرلايدىغانلىقىنى دەپ بەرگەن. نارەسىدە بالىنى
دوزاق قوينىغا ئىتتەرگەن زادى قايسى ۋەھشىي كۈچ
ئىكەنلىكىنى بۇ ئەمەلىي مىسالدىن چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.
ئاۋستىرالىيىنىڭ مەشھۇر پىسخىلوگى ئالفېر ئادلېر مۇنداق
دېگەن ئىدى: «ئاتىسىنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى
چوڭ بولىدۇ. نۇرغۇن بالىلار ئۆز ئاتىسىنى چوقۇنىدىغان
مەبۇد ياكى ئەڭ چوڭ دۈشمىنىم دەپ قارايدۇ. جازالاش
بولۇپمۇ تەن جازاسى بېرىش، بالىغا ھامىنى زەھەرلىك.
دوستانە كەيپىياتتا بولمىغان تەربىيە خاتا تەربىيە»دۇر.
شۇنداق، بۇنىڭدىن ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بالىلارغا باش
يېتەكچى تەسىرىنى، كەلگۈسى ئۈمىد يۇلتۇزلىرىنىڭ پار-
لىنىش ـ پارلىنالماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئى-
كەنلىكىنى بىلىشىمىز ئانچە تەس ئەمەس. ئادلېر دەۋاتقان

«ئاتا» ـ ئائىلىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرىكى بولغان ئاتىنى،
شۇنداقلا ئۇنىڭ بىردىن ـ بىر ھەمدەمى ئانىنىمۇ كۆرسە-
تىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى ئو-
قۇتقۇچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق ئىكەن بىزنىڭ
ھازىرقى ئائىلە باشلىقلىرىمىز ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ مەجبۇ-
رىيەتلىرىدىن قانچىلىكچىلىك كېپىل بولالىدى؟ بىز بالىلارغا
ئۆزىمىنىڭ قەلب كىرىمىز بولغان شەخسىيەتچىلىكىمىزنى،
مەنپەئەتپەرەسلىكىمىزنى نېمە ئۈچۈن تاڭىمىز ؟ نېمە
ئۈچۈن ئۆز پەرزەنتلىرىمىزگە، ئۇلار ئۈچۈن قىلچىلىك
پايدىسى بولمىغان، كېسەللەنگەن ئىدىيەلەرنى ھە دەپ
زورلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىمىز؟ بىز نېمە ئۈچۈن
ئۇلارنى پاك غايىلىك، ئىنسانىيەت ۋە ئۆز خەلقى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەر بولۇشقا ئىلھاملاندۇرالماي-
مىز؟ «ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئەۋلادلارنىڭ غېمىنى قىلىشىمىز،
ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ غېمىنى قىلغانلىقىمىز-
دۇر.» (ئالفېر ئادلېر) شۇنداق تۇرۇپ، بىز نېمە ئۈ-
چۈن ئۆزىمىزنىڭمۇ بىر جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى-
مىزنى، ئاشۇ جەمئىيەت ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش مەجبۇ-
رىيىتىمىزنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىپ يەتمەيمىز...؟

جەمئىيەت تەرەپىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئەڭ تۆۋەن
ئورۇنغا چۈشۈرۈلۈپ قويۇلۇۋاتقان ياش ـ ئۆسمۈرلىرد-
مىز دۇچ كەلگەن قىسمەتلەردىن، بىزنىڭ بالا تەربىيىلەش
ئۇسۇلىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىش، ئۆز ئۈمىد دە-
رىخىمىزنىڭ غولىغا ئۆزىمىز پالتا ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە
ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. يېقىندىن بۇيان قانۇنچىلىق
گېزىتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ تۇرغان، خەل-
قىمىز ئارىسىدا روي بەرگەن غەيرىي جىنايەتكارانە جىن-
سىيەت قىلمىشلىرى، پۇل مەنپەئەتى دەپ ئۆز پۇشتىدىن
تامغان باللىرىنى «قەستلەيدىغان»، شەھۋەتنى دەپ
ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىغا «باسقۇنچىلىق قىلىدىغان»، «پۇل
تېپىش قىيىنلىشىپ كەتتى» دەپ، ئۇلارنى «پاھىشە بو-
لۇشقا ئۈندەيدىغان» ... ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان ھا-
دىسىلەر بىزنىڭ ئۆز ئۈمىد غۇنچىلىرىمىزغا تۇتقان چەك-
تىن ئاشقان نامۇۋاپىق مۇئامىلىمىزنىڭ يارىقىن ئىپادىسى
ئەمەسمۇ...؟

ھاياتلىق كۆرەش جەريانى. بۇ ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى
بارغانچە يالقۇن ئىچىدىكى تۆمۈرنى تاۋلىغاندەك تېخىمۇ
مۇستەھكەملەيدىغان، ئادەمنى ھەقىقىي ئۆز ماھىيىتىگە
قايتۇرىدىغان جەريان. ئۇ ئاجىزلارنى، ئۈمىدسىزلەرنى،
نادانلىق سازلىقلىرىغا بېشىچىلاپ پاتقانلارنى يولدا قو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يدىغان، كۈچلۈك مەنىۋى قۇۋۋەتكە ئىگە ئۈمىدۋار كىشىلەرلا غەلىبە مېۋىسىنى تېتىيالايدىغان مۇشەققەتلىك يولدۇر. ئۇ پەقەت زور دەرىجىدە ئۆز كامالىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان، ئىلىم بىلەن روھىنى تويۇندۇرغان ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ شەرەپلىك چەكسىز يولىدا قۇتلۇق قەدەملەرنى بېسىشىغا يول قويالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسان ھالاكەت ھاڭلىرىغا غۇلاشتەك تېراگېدىيىلىك قىسمەتلەرگە ھامىي بولىدۇ. شۇ نەرسە بىزگە مەلۇمكى، بىز ئۆز ئائىلە مائارىپىمىزنى، مىللىي ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرماي تۇرۇپ، ئىلغارلار سېپىگە قوشۇلالمايمىز.

ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىزنىڭ ياشاش ئۆلچىمىمىز، قانداقتۇر بىكار تەلەپلىك، ھۇرۇنلۇق، باشقىلاردىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۈمىدسىزلىكنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەت ياشاش ئېھتىياجى بىزنىڭ ئۆزلۈك ماھىيىتىمىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكىشىمىزنى، ئۆز قىممىتىمىزنى باشقىلاردىن ئاشۇرۇپ يارىتىشىمىز كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، بىز ھازىر شاللاش ـ شاللىنىش ئاساسىدىكى شەپقەتسىز ھايات داۋانلىرىغا قەدەم قويماقتىمىز، بۇنىڭدەك كەسكىن تۇرمۇش رىتىمى غەربتىكى بۇژۇئا مەملىكەتلىرىدە، ئالىقاچان يولغا قويۇلۇپ ئۈنۈمىنى كۆرسىتىپ بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇشۇ خىل رىقابەت ئېكى تۈپەيلى، ھەر كىم ئۆز ھايات دەرىخىنىڭ باغۋىنى بولۇش، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىناسىنى ئۆزى تىكلەشتەك، جىددىي ھايات قايناملىرىغا دادىل يۈزلىنىپ، ھەر قانداق زەربىلەرگە، كۆپ قىرلىق سوقۇلۇشلارغا باش ئەگمەيدىغان، قورقۇمسىز مەدەنىيەت ساھىبلىرىگە ئايلاندۇرغان. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار بۇنداق ۋەزنى ئېغىر كۆرەشلەرگە بەرداشلىق بېرەلىسۇن دەپ ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئائىلە ۋە باشقا ئىجتىمائىلاشقان مائارىپ بىلەن تەربىيىلەشتە ئۇلارغا ئىنتايىن جىددىي، ئۈنۈملۈك تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىرادىسىنى كىچىكىدىن ھەر خىل ئىسسىق ـ سوغۇق ئېقىملارغا تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ چېنىقتۇرغان. غەربتە بالىلارنىڭ تەۋەككۈلچىلىك، مۇستەقىل ياشاش خاھىشى كىچىكىدىن باشلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «مۇستەقىللىقنىڭ مەنىسى ھەرگىز مەغلۇبىيەتكە تەۋەككۈل قىلىشتا ئەمەس، بەلكى نەتىجىگە ئېرىشىش ۋە بېغىشلاش روھىغا تېخىمۇ كەڭ پۇرسەت بەرگەنلىكىدە» (ئالفىر ئادلېر)، قىيىن مەسىلىلەرگە شەخسەن ئۆزلىرى ھامان كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇپ ئۇنى ھەل قىلماي قويمايدىغانلىقىدا...

بۇنىڭ ئەكسىچە ھازىرقى ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ بىلىمدىن سوۋۇشى، ئۇنىڭغا بولغان گۇمانىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى پەقەت «ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىر ئورۇنغا كىرىشنىڭ دەسمايىسى» قىلىشى... نەتىجىدە بىر ئورگاندا ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممەت يارىتالماسلىقى، كىشىنى تەسىرلەندۇرگۈدەك بىرەر ئىلمىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ بولماسلىقى بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىمىزنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنىڭ، ئائىلە مائارىپىمىزنىڭ دېگەندەك باللار ئىدىيىسىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلىكىنىڭ ۋە ئىلغار مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئۆزىنى قۇۋۋەتلەندۈرەلمىگەنلىكىنىڭ جانلىق ئىسپاتى.

«مىللىي روھ ــ بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ۋە تەرەققىي قىلىشىدا تايىنىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك. بىر مىللەت جۇشقۇن روھ ۋە ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە بولمىسا، دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ.» (جياڭ زېمىن) شۇڭا بىز مىللىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئىشنى ئائىلىدىن، ئائىلە مائارىپىدىكى مىللىي روھتىن باشلىشىمىز كېرەك. بۈنىڭ ئۈچۈن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىدا، كۆپ تەرەپلىمە ئائىلە مائارىپى چۈشەنچىلىرى ۋە بىلىملەرگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېگىنى ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسىدىن سىرت، مىللىي خاراكتېر ئالغان ئەجداد روھىنىڭ ئابىھايات سۈلىرى بىلەن سۇغىرىپ، ئۇلار مەنىۋىيىتىدە ھەم ئەنئەنىۋى خاراكتېرنى ھۆرمەت قىلىدىغان ھەم ئىجتىمائىي يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى توغرا دۇنيا قاراش ئاساسىدا ھەزىم قىلالايدىغان، ھەر قانداق كەسكىن ئىجتىمائىي رىقابەتكە دادىل يۈزلىنەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ، كەلگۈسىدە ئۇلارنى ئانا مەدەنىيىتىنى، چەت ئەل مەدەنىيىتىنى بىلىدىغان جۇشقۇن ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە، ھەممە ئۈچۈن ئاپانماي تۆھپە يارىتالايدىغان ئاۋانگارتلاردىن قىلىپ چىقىش كېرەك. شۇ چاغدىلا جەمئىيىتىمىزدىكى، يەنى سەھرا ـ قىشلاقلىرىمىزدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەتنىڭ قارا بورانلىرىغا يەم بولۇشىنىڭ، خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە ئىلىمسىزلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز.

(ئاپتور: بورتالا شەھەر بازارلىق پارتكومدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتمىن

2005.1

# ئۇيغۇر خەلق

# تارىخي قوشاقلىرى

## (ئىلاخۇن كۆككۆز قوشاقلىرى)



تەلكىنىڭ داۋانىدىن
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن
ئىلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.

بۇ قوشاق خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ناخشا قىلىنىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىلاخۇن كىم، سۇلايمان قانداق ئادەم، ئىلاخۇن كۆككۆزنىڭ قوشاقلىرى قانداق كېلىپ چىققان، دېگەن مەسىلىلەردە نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىمىز ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسا كېرەك. مەن بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىش زۆرۈر دەپ قاراپ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق دەپ قارىدىم.

ئىلاخۇن تىلىۋالدى ئوغلى 1866 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىلاخۇن باللىق چاغلىرىدا سادىر پالۋان ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى تولا ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئوتلۇق قوشاقلىرىنى يادلاپ يۈرگەن ھەمدە سادىر بوۋىسىغا ئوخشاش پالۋان بولۇشنى ئارمان قىلغان. دادىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرلىقىدىن قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ چوڭ بولغان ئىلاخۇن مەكتەپ مەدرىسە يۈزىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ساۋاتسىز بولغىنىغا قارىماي بېشىغا چۈشكەن كۈنلەرنى، سىنچى كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەرنى قوشاق قىلىپ توقۇپ، ئاندىن تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، ئەل ئىچىگە تاراتقان.

ئىلاخۇن ئاكا بىر ئەسىردىن ئارتۇق ياشىغان بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرىدا يوقسۇل خەلقنىڭ غەم ـ قايغۇسى، باي ۋە بەگلەرنىڭ يىرگىنىشلىك قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باي ـ غوجاملار ئىلاخۇنغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئىلاخۇننىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى تۆكىدىغان پىتنە ـ پاساتلارنى تارقىتىپ، ئۇنى «ئوغرى» دەپ تۇتۇپ يامۇلغا سولىتىۋېتىدۇ. خەلق بولسا، ئۇنى گۇناھسىز، ناھەق تۇتۇپ كەتتى. دەپ قاراپ غۇلغۇلا كۆتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن چۆچىگەن بەگلەر ئۇنى بىر يولى كۆزدىن يوقىتىۋېتەلمەي ئۈرۈمچىگە پالايدۇ. 1929 ـ

يىلى كەچ كۈزدە دوستى سۇلايمان بىلەن ئىككىسىنى قولىغا كويىزا، پۇتىغا كىشەن، بويىنىغا قوۋۇق سېلىپ، قەپەزگە سولاپ هارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ يالىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ. ئۇلار ئارىدا ئىككى تۈنەپ تەلكىگە يەتكەندە، ئارقىسىدا قېلىۋاتقان گۈزەل ئىلى ۋادىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆپكىسى ئۆرلەپ، كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. شۇ چاغدا ئىلاخۇن ئاكا مۇنداق قوشاق توقۇيدۇ:

تەلكىنىڭ داۋانىدىن
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن
ئىلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.
تەلكىدىن چىقىپ كەلسەك،
سايرام كۆلى كۆرۈندى.
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
يۈرەك ئىككى بۆلۈندى.
سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
قىش كىرگەندە توڭلايدۇ،
غەم قىلما، ئاغىنىلەر
خۇدايىم باشنى ئوڭلايدۇ....

1933 ـ يىلى ئىلاخۇن بىلەن سۇلايمان يامۇلدىن قۇتۇلۇپ، غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. تىرىكتاپلار يەنە ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈپ، ئارقىسىغا پايلاقچىلارنى سېلىپ قويىدۇ. بۇنى سەزگەن ئىلاخۇن غۇلجىدىن يىراقراق تىكەسكە بالا ـ چاقىسى بىلەن كۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ مۇنبەت زېمىندا باغ پەيدا قىلىشنى ئارمان قىلىپ،غۇلجىدىن داڭلىق ئىلى ئالمىسىنىڭ كۆچەتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ تىكىدۇ. تىكەستە تۈنجى قېتىم ئىلاخۇن ئاكا بەرپا قىلغان ئاشۇ باغ هازىرغىچە بار بولۇپ، ئۇنى خەلق «ئىلاخۇنكامنىڭ بېغى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ بىر قوشىقىدا ئېيتقاندەك:

ئۆستەڭ سۈيى لاي بولدى
بىر ئاتسام يوغان تاشنى.
بۇ بەگلەرنىڭ دەستىدىن
نەگە سىغدۇراي باشنى...

دەپ زارلىنىپ باش پاناھ تىلەپ، تەقدىرنىڭ تەقەززاسى بىلەن كىندىك قېنى تامغان يۇرتىنى ئامالسىز تاشلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىنى بولسىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش نىيىتىدە 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ چارى ئازات يېزىسىدا ياشاپ، 104 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

بىر ئەسىردىن هالقىغان ئىلاخۇن كۆككۆز 1970 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى قەهرىمان بوۋىسىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ دەرد ـ هەسرەت بىلەن سۇغۇرۇلغان پىغانلىق قوشاقلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، نامىنى قەلبىدە ساقلاپ كەلمەكتە.

بىز ئىلىدىن چىققاندا،
دەريا ياقىلاپ ماڭدۇق.
ئامان بولغىن، دوستلار دەپ،
كۆزىمىزگە ياش ئالدۇق.
تار قەپەزدە ئىلاخۇن،
بىر قەپەزدە سۇلايمان.
يىغلىماڭلار، يارانلار،
كىلەرمىز ئېسەن ـ ئامان.
ئۈرۈمچىدىن خەت كەلسە،
يالغان چېغى دەپتىمەن.
قەپەزگە سولاپ قويسا
يامۇل چېغى دەپتىمەن.
قول ـ پۇتتا كىشەن، كويىزا،
سۆڭەككە يېتىپ كەتتى.
يامانلارنىڭ قىلمىشى
جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.
ئارىدا تۈنەپ ئىككى،
تەلكىگە يېتىپ كەلدۇق.
چېرىك تىلىسا مەيلى،
ناخشىنى ئېيتىپ كەلدۇق.
تەلكىنىڭ داۋانىدىن
كارۋان توختىمان ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن
ئىلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.
تەلكىدىن چىقىپ كەلسەك،

سايرام كۆلى كۆرۈندى.
ئايرىلماق يامان ئىكەن،
يۈرەك ئىككى بۆلۈندى.
سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ.
ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلسە،
ياش ـ قېرىنى باقمايدۇ.
ئوڭ يېنىمدىمۇ چېرىك،
سول يېنىمدىمۇ چېرىك،
بىزنى پالاپ ئېلىپ ماڭغان
ماناپ ياڭتۇڭ بىلەن شېرىك.
ئۈرۈمچىگە پالاندۇق
قوغۇن پىششىقى كۈزدە
جانغا پاتتى غېرىپلىق
ئۈرۈمچى يولى تۈزدە.
دېھقان بولمىغان بەگلەر
تارتمايدۇ مۇشەققەتنى.
سوراق سورىدى قانچە،
سۆزلىدىم ھەقىقەتنى.
يامۇلدىكى كۈنلەرنى
خۇدا سالمىسۇن خەققە.
ئۇرۇپ، چېپىپ قىستايدۇ،
نېمە قىلغان بىز بەگكە.

نۇرمەھەممەت بالام كەلسۇن،
تۇرسۇن مۇھەممەت بالام قالسۇن.
مەن ئۆلسەم ئۆلۈپ كېتەي،
ئەل ـ يۇرتۇم ئامان قالسۇن.
ئۈرۈمچىدىن يانغاندا،
ئىلىغا قاراپ ماڭدۇق.
يامۇلدىكى زۇلۇمنى
بىر ـ بىرلەپ ساناپ ماڭدۇق.
قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى،
تالا ـ تۈزنى كۆرمەستىن.
جەۋرىنى تولا تارتتۇق،
ئاخىر ياندۇق ئۆلمەستىن.
تاغنىڭ ئارقىسى تىكەس،
يېرى زەپ بولۇق ئىكەن.
دەرياسى ئېقىپ ئۆتەر
قۇرىماس سۇلۇق ئىكەن.
ئىلاخۇن سارالىڭ ئەمەس،
چۆجىنى سانالىڭ كۈزدە.
باغلارنى بىنا قىلدىم
دەرەخسىز مۇشۇ تۈزدە.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى


## بىلدۈرگۈ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. «مىراس» ژۇرنىلىدىكى بارلىق خادىملار ژۇرنىلىمىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان كونا، يېڭى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سەممىي سالام يوللايمىز!

2005 ـ يىلى ژۇرنىلىمىز تېخىمۇ يېڭى قىياپەتتە سىزلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئۆز جايىڭىزدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولالايسىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئۇيغۇرلارنىڭ تىل پەرھىز ئادەتلىرى ئۇستىدە تەھلىل

ئەنۋەر سەمەد قورغان

2005.1

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالىدۇر. ئىنسان-
لار تىلدىن پايدىلىنىپ پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ
ئوي - پىكرىنى بايان قىلىدۇ. تىل تەپەككۇرنىڭ ياردى-
مىدە پەيدا بولىدۇ ۋە ئىپادە قىلىنىدۇ. قىسقىسى، ئىنسان
تىل ئارقىلىق ئىنسانلىق ھالىتىنى ساقلايدۇ ۋە داۋام-
لاشتۇرىدۇ. تىل ھەرقانداق ئەھۋالدا تاۋۇشلارنىڭ ئا-
دەتتىكىچە بىرىكىشى ئەمەستۇر. بەلكى ئۇ مەدەنىيەت،
ئۆرپ - ئادەت مەنىسىگە ئىگە بولغان ئىنسان مەدەنىيى-
تىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. پەرھىز قەدىمكى جەم-
ئىيەتتىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن قالغان سارقىت بولۇپ،
كىشىلەرنىڭ ئۆزى چۈشەنمىگەن سىرلىق كۈچلەردىن
قورقۇش، ھۆرمەتلەش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان پاسسىپ
ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىدۇر. پەرھىز ئادىتىنىڭ تىلدىكى
ئىپادىسى بولغان تىل پەرھىزلىرى بولسا تىلنى سېھرىي
قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت.
ئىپتىدائىي دەۋردىن تارتىپلا ئىنسانلار تىلدا سېھرىي
قۇۋۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، تىل بىلەن ئۇ ئىپادىلىگەن
ياكى ۋەكىللىك قىلغان رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن
مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىغا، تىل ئارقىلىق باشقىلارغا زىيان
يەتكۈزگىلى ياكى پايدا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئى-
شەنگەندى. شۇڭلاشقا، كىشىلەر مەلۇم يامان، ناپاك
ياكى مۇقەددەس نەرسىدىن پەرھىز قىلغان چاغلاردا، شۇ
نەرسىلەرنىڭ نامىنى ھەم تىلغا ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلغا-
نىدى. تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق كۈچلەر يالغۇز ئىلاھ،
ئادەم، روھ، جىن - ئالۋاستى ۋە ئادەملەر ئىشلىتىدىغان
ھەر خىل قورال - سايمانلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئالاقە
قورالى بولغان تىلدا مەۋجۇت بولغانلىقىغا ئىشىنىلگەنىدى.
سېھرىي تەپەككۇردا تىل ئۆزى بىلدۈرگەن نەرسە بىلەن
باغلىنىشقا ئىگە بولىدىكەن. ئۇنداقتا سېھىر ۋە جادۇ قا-
تارلىق پائالىيەتلەردە تىلدىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ. يەنى
تىلغا زىيان سېلىش ئارقىلىق تىلنىڭ ئىگىسىگە (سۆزلە-
گۈچىگە) ھەم زىيان يەتكۈزگىلى بولىدۇ دەپ قارىلاتتى.
تىلنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئادەم
ئىسمى، ئىلاھ، جىن - ئالۋاستى...لار ئىسمى، نەرسە ئىسمى
قاتارلىقلار تىلنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىپادىسىدۇر. شۇڭا تىلغا
ئائىت پەرھىزلەر ئالدى بىلەن ئىسىمغا قارىتىلغان. ئۇنىڭ-
دىن سىرت، تىلنىڭ مەزمۇنى يامان بولسا ئەمەلىيەتتىمۇ
يامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەن قاراشقا ئاساسلانغان يامان
سۆزلەشتىن چەكلىنىش پەرھىزى، ناپاكلىق چۈشەنچىسىدىن
كېلىپ چىققان، ناپاك نەرسىلەرنىڭ نامىنى ۋە ناپاك دەپ
قارالغان ئىش - ھەرىكەتلەرنى تىلغا ئالماسلىق پەرھىزى،
مۇقەددەس ئوبيېكتلەرگە ھاقارەت كەلتۈرۈشتىن ھەزەر
قىلىش ئاساسىدا، شۇ ئوبيېكتلارنىڭ نامىنى بىۋاسىتە تىلغا
ئالماسلىق ياكى ئۆزگەرتىپ ئاتىماسلىق پەرھىزى ، تىلنىڭ
مۇقەددەسلىكى تۈپەيلىدىن، ئېغىزدىن چىققان سۆز مەز-
مۇنىغا ھۆرمەت قىلىپ مەلۇم ئىشلاردىن چەكلىنىش پەر-
ھىزى قاتارلىقلار تىل پەرھىزلىرىنىڭ مۇھىم ئىپادىسىدۇر.

تىل پەرھىزى خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا، رەسىم - قا-
ئىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئېتنوگرافىك چۈشەنچىلىرى
سەۋەبىدىن پەيدا بولغان چەكلىمىلەرنىڭ تىلدىكى كۆرۈ-
نۈشىدۇر. كىشىلەر پەرھىزلىك ئوبيېكتلەرگە قارىتىلغان
تىل پەرھىزلىرىدە ئاشۇ ئوبيېكتلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئال-

ماسلىق ياكى «دېمەسلىك» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پاسسىپ پىسخىكىسىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، «دېمەسلىك»، يەنى «تىلغا ئالماسلىق»—تىل پەرھىزلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەكلىدۇر. ئەمما، تۇرمۇشتا ھەر خىل ئېھتىياج سەۋەبىدىن كىشىلەر ئۆزئارا ئالاقىدە ھەممە شەيئىنىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىقتىن، ھەرقانداق بىر مەزمۇندا سۆزلىمەسلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا تىل پەرھىزلىرىنىڭ يەنە بىر شەكلى بولغان مەلۇم مەنىنى باشقا سۆز بىلەن ئىپادىلەش كېلىپ چىقىدۇ. تىل پەرھىزىنىڭ بۇ خىل شەكلى يەنە ئەخلاقىي قاراشلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سىلىقلاشتۇرۇپ سۆزلەش ئۇسۇلى «ئېۋفېمىزم» بىلەن قوشۇلۇپ، مىللەت تىلىدىكى ئاجايىپ سىرلىق ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. تىل ۋە يېزىق ئىنسان ئىجاد قىلغان نەرسىلەر بولسىمۇ، ئەمما تىل ۋە يېزىقنىڭ ئاجايىپ رولى ئالدىدا، كىشىلەر يەنە ئۇلارغا مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە چوقۇنۇپ كەلگەن. كىشىلەر تىل ئارقىلىق بەخت تىلەيدۇ، تىل ئارقىلىق باشقىلارنى قارغايدۇ ۋە لەنەت ئوقۇيدۇ، ئۆزلىرىگە خەيرلىك ئىسىملارنى تاللاپ قويىدۇ، ھەتتا ئىسىم بىلەن ئادەمنىڭ تەلەي ـ ئامىتى، تەقدىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىشلارنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشىنىدۇ. بۇ ئەھۋال قەدىمكى دەۋردە ئىنساننىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن بولغان بولسا، كېيىنكى چاغلاردا ئەدەپ ۋە رەسىم ـ يوسۇن ئۈچۈن بولدى. ئەمما نۇرغۇنلىغان تىل پەرھىزلىرىنىڭ ئارقىسىدا يەنىلا تىلنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتىگە ئىشىنىشتەك ئەقىدە يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ ئادەتتىكى ئېۋفېمىزملىق تىلدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. «ئېۋفېمىزم» بولسا مەلۇم پىكىرنى «ياخشى گەپ بىلەن سۆزلەش» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ مەلۇم ئىجتىمائىي نىزاملاردىن، مەسلەن، ئەدەپ، ھايا، يوسۇن قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان. ئېۋفېمىزمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا نىسبەتەن ئابستراكت، ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى ۋە ئوخشىتىشلارنى سىلىقلاپ ئىشلىتىپ، بىۋاستە تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان ياكى سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئوڭايسىزلىق پەيدا قىلىپ قويىدىغان مەنىلەرنى بىمالال مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشتۇر. بەزى ئىلىم ساھەبلىرىنىڭ قارىشىچە، تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئىقتىدارى بولىدۇ. ۋەھالەنكى پەرھىزلىك سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى دەل ئېۋفېمىزمدۇر. بۇ پىكىرنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق جايلىرى كۆپ. چۈنكى پەرھىزلىك تىل ئېۋفېمىزم ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما ئېۋفېمىزم پەرھىزلىك تىلنى ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇشتىن باشقا، جەمئىيەتتىكى ئەخلاقىي يوسۇنلار كاتېگورىيىسىدە ئەدەپ، ھايا قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمەن پەرھىزلىك تىل بىلەن ئېۋفېمىستىك تىل ئوتتۇرىسىدا قىسمەن جەھەتتە ماس كېلىشلەر مەۋجۇت. قەدىمكى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا تىلدىكى چەكلىمىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پەرھىزلىك تىل بولۇپ، بۇلاردىكى ئەقىدىيىۋى ۋە خۇراپىي تەركىبلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، كېيىنكى دەۋردىكى ئېۋفېمىزم بىلەن تىل پەرھىزى ئورتاق مەۋجۇت بولىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. يەنە بىر نۇقتا شۇكى، تىل پەرھىزى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەممە ساھەسىدە دېگۈدەك ئوخشاش مەزمۇنغا ئىگە. ئەمما ئېۋفېمىزمدا مىللىي تىللار ئارا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر ساقلىنىپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئەينى بىر تىل ئىچىدىمۇ دىئالېكت ۋە شېۋە پەرقى تۈپەيلىدىن ھەمدە كەسىپ ئايرىمىسى تۈپەيلىدىن ئېۋفېمىستىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا چوڭ پەرقلەر بار بولغان بولىدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا تۈرلۈك ئېتىقادلار تەسىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا نۇرغۇن پەرھىزلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياراتقان تىل تەركىبىدىكى نۇرغۇن سۆزلەردىن مەلۇم ئېتىقادلار تەسىرىدە پەرھىز قىلىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى تىلغا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلىرىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز. پەقەت «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى تىلغا ئائىت خاتىرىلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ خىل ئادىتىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولالايمىز. جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى ۋە مىللەتنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى نەتىجىسىدە كېيىنكى دەۋرلەردە پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى ۋە ئېۋفېمىزملىق تىل ئۇسلۇبى بارغانچە تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىكى پەرھىزلىك

تىللار ۋە ئۆزگىرىشچان، كۆپ قىرلىق ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزگىرىپ، تاتلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن... تىللار ۋە ئۆزگىرىشچان، كۆپ قىرلىق ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن.

تىللار ۋە ئۆزگىرىشچان، كۆپ قىرلىق ئىۋفىمىزملىق سۆز ئاتالغۇلارغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋردىن تارتىپلا توغرا، دەل سۆزلەشكە، سۆز ئەخلاقىغا ئېتىبار بېرىشكە باشلىغان. تىلنى ئىنسان ئۇچۇن مۇھىم ئۆلچەم سۈپىتىدە تونۇپ كەلگەن. ئەدىبلىرىمىز، مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇدرىتى تولۇق نامايان بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلار يەنە تىلنىڭ رولىنى توغرا سۆزلەشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئەردەم باشى — تىل» (ئەدەپنىڭ بېشى — تىل) دېگەن ھېكمىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرىنى بىر قانچە نۇقتا بويىچە قىسقىچە تەھلىل قىلىپ مۇلاھىزە قىلىمىز.

1. ئاتاق پەرھىزلىرى

ئاتاق پەرھىزلىرى ئاساسەن كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىدىغان ئىسىم، فامىلە ۋە لەقەمگە ئوخشاش نامىلارنى قوللانغاندا رىئايە قىلىدىغان پەرھىزلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىز ھازىرقى دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسىنى باشقىلارنىڭ خالىغانچە تىلغا ئېلىشىغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمما قەدىمكى دەۋرلەردە ئەھۋال ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى. يەنى كىشىلەر ئۆزى بىلەن ئىسمى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشى پەرھىزلىك ھەرىكەت ھېسابلانغان بولۇشى ئېھتىمال ئىدى. بۇ ھەقتە فرازېر مۇنداق دەيدۇ: «بەدەۋىي مىللەتلەر تىل بىلەن شەيئىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمىگەن، ئىسىم بىلەن ئۇ ۋەكىللىك قىلغان نەرسە ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇم جەھەتتىكى باغلىنىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ھالبۇكى مۇنداق باغلىنىشنىڭ ھەقىقىي ماددىي باغلىنىش بولىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا سېھىر بىلەن خۇددى چاچ، تىرناق ۋە بەدەننىڭ باشقا ھەرقانداق قىسمى ئارقىلىق ئادەمگە زىيان كەلتۈرۈشكە بولغىنىغا ئوخشاش، ئىسىم ئارقىلىقمۇ شۇ ئىسىمنىڭ ئىگىسىگە زىيان كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىسمىنى ئۆز (بەدىنى)نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، ئۇنى بەك قىممەت بىلەن قوغدىغانىدى.» ① بۇ ھەقتە لېۋى برۇھل (LevyBruhl)مۇ شۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى مەلۇم خىلدىكى كونكرېت، ئەمەلىي ھەم مۇقەددەس نەرسە دەپ قارىغانىدى... شۇڭلاشقا ئىسىم مەسىلىسىدە ئۇنى قوغداش تەدبىرىنى قوللىنىش تامامەن زۆرۈر ئىدى. يەنى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ۋە باشقىلارنىڭ ئىسمىنى خالىغانچە تىلغا ئېلىشقا بولمايتتى. بولۇپمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا بولمايتتى. ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەتتىكى سۆزلەرمۇ ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلەتتى. مەلۇم كىشىنىڭ ئىسمىغا چېقىلىش دەل شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن شەيئىگە چېقىلىشتىن دېرەك بېرەتتى... شۇڭلاشقا، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىسمىنى ئىشلەتمەسلىكنىڭ زور سەۋەبى بار ئىدى.» ② ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى باشقىلارغا دېمىگەن ھەم باشقىلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاسانلىقچە تىلغا ئالمىغان. ئۇنداق بولمايدىكەن ئىسمىنىڭ ئىگىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ دەپ قارىغان. شۇڭلاشقا، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە تىلغا ئالماسلىق، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە كېلىدىغان خەۋپتىن ساقلىنىش ئىپتىدائىي دەۋردىكى مۇھىم تىل ئادىتى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلاردا بىرەر ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە تىلغا ئالماسلىق پەرھىزىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ پەرھىز ئادىتى ئەخلاقىي كاتېگورىيە تەۋەسىدە ئىناۋەتلىك بولۇپ قالغان. شۇنىڭ جۈملىسىدە ئۆز ئىسمىنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇنى مەھكەم ساقلاش، باشقىلارغا، بولۇپمۇ ناتونۇش كىشىلەرگە ئېيتىپ بەرمەسلىك ھازىرغىچە ساقلانغان ئادەت بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك بىر ئىپادىسى دەل بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سېھىرگەرلەرنىڭ ئۆز ئىسمىنى قەغەزگە پۈتۈپ، ئۇنىڭغا قارا سېھىر ئىشلىتىپ، ئىسىم ئارقىلىق ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشتەك جادۇگەرلىكتىن ساقلىنىش ئۇچۇن رەقىبلەرگە ۋە ئۆزىنى قوغلىشىپ يۈرگەن ئاشىقلارغا ئۆز ئىسمىنى بىلدۈرمەسلىك ئادىتىدىن ئىبارەت. ئاتاق پەرھىزلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۆلگەنلەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرماسلىق: قەدىمكى دەۋرلەردە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايدى-

غان ئادەت مەۋجۇت بولغان. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندا ئۆلگۈچىنىڭ روھى قايتىپ كېلىپ، شۇ ئىسىمنى تىلغا ئالغۇچىغا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. كىشىلەر ئۆلگۈچىنىڭ روھىدىن قورققاچقا، ئۇنىڭ ئىسمىنى قايتا ئىشلەتمەي تاشلىۋېتەتتى. ناۋادا ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۆزى بىلەن ئىسىمداش كىشىگە ئاسانلا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئىسىم ھەققىدىكى بۇنداق خۇراپىي ئىشەنچ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدىلا يوقالغان بولۇپ، ئەگەر بار دېيىلسە ئۇنىڭ مۇنداق شەكلى ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇللا تىلغا ئالماي، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «مەرھۇم»، «مەرھۇمە»، «رەھمەتلىك» دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتاشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئاتاش ئۇسۇلى ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە.

ئەجدادلارنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە ئاتىماسلىق: ئۇيغۇرلاردا ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەش، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ روھىغا سېغىنىش مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئېسىل ئەخلاقىي ئەنئەنىدۇر. ئۇيغۇرلار مەيلى ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرى بولسۇن ياكى ھايات كىشىلەر ئىچىدىكى ياشانغان كىشىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىپ ئاتاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئۆلگەنلەرنىڭ ئىسمى ئالدىغا «مەرھۇم» سۆزىنى قوشۇپ ئاتىسا، تىرىكلەرنىڭ ئىسمىنى «ئاكا»، «تاغا»، «چوڭ ئانا»، «بوۋا»، «دادا»، «ھامما»، «ئانا»، «ئاچا»، «ئانىكا»... دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئاتاشلار ئەجداد ـ ئەۋلاد پەرقىنى روشەن كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە ھۆرمەتلەش مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتتە بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە چاقىرماسلىق: ئۇيغۇرلار تىل ئالاقىسىدە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، كەسىپداشلىق مۇناسىۋىتى، خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتى، ئەجداد ـ ئەۋلاد مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەر ئارىسىدىمۇ باشقىلارنىڭ نامىنى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ. ئومۇمەن، يېشى چوڭ كىشىلەرنى چاقىرىشقا توغرا كەلسە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئاتىماي، «بوۋا»، «موما»، «تاغا»، «ھامما»... دېگەندەك سۆزلەرنى قوشىدۇ ۋە ياكى «پېشقەدەم»، «ياشانغان» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتايدۇ. ئادەتتە «قېرى» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. «قېرى» دەپ ئاتاش ئەخلاقىي نۇقتىدىنمۇ ھۆرمەتسىزلىك سانىلىدۇ. چوڭلار كىچىكلەرنى چاقىرغاندا ئىسمىنى ئۇدۇللا تىلغا ئالماي «ئۇكام»، «سىڭلىم»، «بالام»، «قىزىم» دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ چاقىرىدۇ. يېشى تەڭ دېمەتلىك كىشىلەرمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇللا چاقىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بەلكى «ئاخۇن»، «جان»، «خان»، «گۈل»، «خېنىم» دېگەندەك سۈپەت سۆزلەرنى قوشۇپ چاقىرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر كەسىپ ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئۇستاز ـ شاگىرت مۇناسىۋىتىدىكى سۆز ئەخلاقىغا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىدۇ. ئادەتتە ھەرقانداق شاگىرت ياكى ئوقۇغۇچى ئۇستازىنىڭ نامىنى ئۇدۇللا تىلغا ئېلىپ چاقىرماي، بەلكى «ئۇستام»، «ئۇستاز»، «مۇئەللىم» دېگەن سۆزلەر بىلەن چاقىرىدۇ. بۇ ھەقتە قەدىمكى ئۇيغۇر ـ ھۈنەر كەسىپ رىساللىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شاگىرتلارنىڭ ئۆز ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى چاقىرماسلىق قائىدىسى ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئاتاق پەرھىزلىرى قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەر ئارىسىدىكى سۆز ئالاقىلىرىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە ئاتىمىغاندىن باشقا، نىكاھ ئارقىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان ئەر ـ خوتۇن، قېيىنانا ـ قېيىناتا ۋە كېلىن، كۈيئوغۇل ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىپ ئاتاشتىن بەك پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كۈيئوغۇل بولغۇچى ياكى كېلىن بولغۇچى قېيىناتا ۋە قېيىنانىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا قىلىنغان چوڭ ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىش بولسا تېخىمۇ شۇنداقتۇر. مەسىلەن: ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئادەتتە تىلغا ئالمايدۇ. چاقىرىشقا توغرا كەلسە «دادىسى»، «ھېلىقى»، «بىزنىڭ كىشى»، «بىزنىڭ ئەر»، «خەق»، «ھوي»... دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئەرلەر خوتۇنلىرىنى چاقىرىشتا «ئانىسى»، «ئۆيدىكى»، «ھېلە-

www.uyghurkitap.com



قى»، «بىزنىڭ خوتۇن»، «قوشناچىم»... دېگەندەك
سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. يەنە كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئەر بە-
لەن خوتۇن بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتا قارشى تە-
رەپنىڭ ئىسمىنى شۇ ئۆيدىكى ئوغۇل ياكى قىز بالىنىڭ
ئىسمىغا ئالماشتۇرۇپ ئاتايدىغان ئەھۋالمۇ بەك كەڭ
تارقالغان. ئەگەر ئۆيدە بىرلا پەرزەنت بار بولسا، ئۇنداقتا
ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسى يالغۇز بالىسىنىڭ ئوغۇل ياكى
قىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن چاقى-
رىدىغان ئەھۋال بار. ئەگەر پەرزەنت بالىسى بولمىسا، ئۇن-
داقتا ھەر ئىككىلەن قارشى تەرەپكە ئالمىشىپ (مەسى-
لەن: «پاتەمخان»، «ئايشەمخان»، «مەممەتاخۇن»... دې-
گەندەك) ئىسمىدىن بىرنى قويۇۋېلىپ شۇ بويىچە چاقى-
رىدىغان ئەھۋالمۇ بار. ئەمما يېقىنقى دەۋرلەردە ئەركىن
مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ كۈنسېرى
ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىنىڭ ئىس-
مىنى ئۇدۇللا چاقىرىش ئادىتى ئومۇملاشماقتا.

لەقەم—ئۇيغۇرلار ئاتاق ئادىتىدە بەك كەڭ تارقالغان
بىر ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئا-
لاھىدىلىكى، خاراكتېرى، مىجەزى، يۇرت ئايرىمىسى،
كەسپىي خۇسۇسىيىتى قاتارلىق بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن
لەقەم قويىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كۆپىنچە ئادەمنىڭ ئۆزىگە يا-
رىشا لەقىمى بولىدۇ. ناۋادا لەقەم ئۇ ئادەمگە تولۇق ماس
كەلمەيدىكەن، ئۇ، ئۇ ئادەمگە سىڭمەيدۇ ۋە ئۆزلەشمەي-
دۇ. كىشىلەرمۇ ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ناۋادا بەك مۇۋا-
پىق لەقەم بولسا، ئۇ بىر قانچە ئەۋلادقىچە بىر جەمەتنىڭ
نىشانى بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «لەقەمنى خىزىر قو-
يىدۇ» دېگەن ماقال بار. بۇ ياخشى قويۇلغان لەقەمدىن
بىر كىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ دېگەن-
دىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار قويىدىغان لەقەملەرنىڭ
ھەممىسىلا چىرايلىق، مەنىسى ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ.
جىسمانىي ئەيىبى ياكى خاراكتېر ئاجىزلىقىغا ئاساسەن قو-
يۇلغان لەقەملەرنى كىشىلەر لەقەم ئىگىسىگە قارىتا بىۋا-
ستە ئاتاشتىن ئىمكانقەدەر پەرھىز قىلىدۇ. يۇقىرىقى
قىسقىچە بايانىدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار كىشىلەر
ئارا ئادەتتىكى مۇناسىۋەتلەردە بىر - بىرىنى ئاتاشتا ئىم-
كانقەدەر سىلىقراق سۆزلەشكە تىرىشىدۇ. ئەمما قەدىمكى
دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ئۆز ئىسمى ۋە باشقىلارنىڭ ئىسمىنى
ئاتىماسلىقتەك پەرھىز ئادىتىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆز
ئىسمىنى مۇقەددەس، چېقىلغىلى بولمايدىغان نەرسە دەپ
قاراپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمىغا ھاقارەت كەلتۈرۈشىنى،
ئۆز ئىسمىنى قەستەن ئۆزگەرتىپ ئاتاشنى ياكى ئىسمىنى
ئاتىماي «ھوي»، «ھەي» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن
ئاتاشنى زادىلا ياقتۇرمايدۇ. كىشىلەر ئارا بىر - بىرىنىڭ
ئىسمىنى تولۇق، توغرا، چىرايلىق ئاتاپ چاقىرىش ئىسىم
ئىگىسىگە قىلىنغان ھۆرمەت بولۇپ سانىلىدۇ.

بەزى ھايۋاننىڭ نامىنى ئۇدۇل ئاتىماسلىق: توتېم
ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس
نەرسە بولۇپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ توتېمغا قارىتا
پەرھىزلىك ئادىتى ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك، گۆشىنى يېمەس-
لىك ۋە ئۇنىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئالماسلىق قاتارلىق
ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى قوۋملەر توتېم بول-
غۇچى ھايۋاننىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئالماي، ئۇنى ئەڭ
يېقىن تۇغقانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتىغان.
بۆرە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئومۇمىيۈزلۈك تېۋىنىشكە
سازاۋەر بولغان ھايۋان بولۇپ، ئۇنى قەدىمكى تۈركىي
خەلقلەر «بۆرە» دەپ ئاتىماي، بەزىدە باشقا ناملار بە-
لەن ئاتىغان. مەسىلەن: ھازىرقى قازاقلار بۆرىنى «قاش-
قىر»، «قارا قۇلاق»، «سىرىق قۇلاق»، «ھۆۋلىما»
دەپ ئاتايدۇ. باشقا تۈركىي مىللەتلەر بولسا «قۇرت»،
«مەيدان ئىتى»، «ئاتى يىتكەن»، «ئاغزى قارا»...
دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلاردا توتېم چۈ-
شەنچىسى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بالدۇرراق
يىتكەن بولغاچقا، بۆرىنى ئۆز ئىسمى بىلەن بىۋاستە ئا-
تاۋېرىدۇ. باشقىچە ئاتايدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. ئۇي-
غۇرلاردا باشقا ھايۋانلاردىن ئۆمۈچۈكنى «دۇ» دەپ ئا-
تىمايدىغان ئادەت بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۆمۈچۈكنى
«دۇ» دېسە ئۆمۈچۈك چىقۋالارمىش. ئۇيغۇرلار يەنە
چايانىنى «چايان» دېيىشتىن تاشقىرى «سېرىق ئې-
شەك»مۇ دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ ھايۋاننىڭ
نامى ئاتالسا، ئۇلار كېلىپ ئىسمىنى ئاتىغۇچىنى چېقىۋال-
دۇ، دېگەن سېھرىي ئىشەنچ مەۋجۇت. ئۇيغۇرلاردا تاماق
ۋاقتىدا يەنە «چوشقا» ۋە «توڭگۇز» دېگەندەك ھايۋان
ئىسىملىرىنى بىۋاستە ئاتىمايدۇ، بۇنداق قىلىش چوشقىنى
ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى نىجىس نەرسە

دەپ قارىغانلىقى، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاش غىزالىنىش كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

«مەن» دەپ ئاتىماسلىق: ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا باشقىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىۋاتقاندا، بىۋاستە هالدا «مەن» ئىبارىسىنى ئىشلىتىشتىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى تارتىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى، مال ـ مۈلكى، غەلىبىسى، كۆز قارىشى... ھەققىدىكى ياخشى ئەھۋاللارنى بايان قىلغاندا، «مېنىڭ خوتۇنۇم»، «مېنىڭ ئۆيۈم»، «مېنىڭ ئۇتۇلغىنىم»، «مېنىڭ بېغىم»، «مېنىڭ پىكرىم»... دېگەندەك سۆزلەرنى ئازراق ئىشلىتىدۇ. «مەن»دىن ئىبارەت بۇ بىرىنچى شەخس بىرلىك ئۇقۇمىدىكى سۆز بىلەن مەلۇم نەرسىلەرنىڭ تەۋەلىكىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭدا مەلۇم نەرسىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقاندەك تۇس چىقىپ قالىدىغانلىقى ۋەجىدىن، شۇ سۆزنىڭ ئورنىغا «بىز» ئىبارىسىنى ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ جۈملىسىدە يۇقىرىقى بىرىكمىلەرنى «بىزنىڭ خوتۇن»، «بىزنىڭ ئۇلاغ»، «بىزنىڭ ئۆي»، «بىزنىڭ ھويلا»... دېگەندەك شەكىلدە ئاتايدۇ. «مەن»نى تىلغا ئالماسلىقنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى شۇ سۆز ئورنىغا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش مەنىسىدىكى ئىبارىلەردىن «پېقىر» (بۇ ئەرەبچە «كەمبەغەل» مەنىسىدىكى سۆزدۇر.) «كەمىنە» (بۇ «يوشۇرۇش» ياكى «يوشۇرۇنماق» مەنىسىدىكى سۆزدۇر.)لارنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىبارىلەر «مەن»نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلسە، ئۇ «بىز»گە قارىغاندا تېخىمۇ كەمتەرلىكنى ۋە قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلىيەلەيدۇ.

مىللەت نامىنى بۇزۇپ ئاتىماسلىق: ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى ئىچىدە ناھايىتى كۈچلۈك يۇرت سۆيۈش تۇيغۇسى ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بار بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەر بىر مىللەت نامىنىڭ ئاتىلىشىدىمۇ ھاقارەت تۇسىنى ئالغان ئاتاقلاردىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. ئاتاق پەرھىزلىرى ھەم ئىسمىنى ئادەمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراشتىن ھەم مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ ئىسمىمۇ مۇقەددەس بولىدۇ دەپ قاراشتىن ھەمدە ئەدەپ، ھايا، يوسۇن سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھازىرقى دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاتاق پەرھىزلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي مەنىسىدىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتكەن.

2. شۇم سۆزلەرگە ئائىت پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى:

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تىلنىڭ ئالاھىدە سېھرىي كۈچى بارلىقىغا ئىشىنىپ كەلگەن بولۇپ، خەلق ئارىسىدا بۇ تۈپ قاراشنىڭ ئىپادىلىرى ئېغىزدىن چىققان ھەر بىر يامان سۆزنىڭ يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ سەۋەبىدىن مەلۇم شۇ سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش، ئالاھىدە ئەھۋالدا شۇ ئەھۋالغا ماس كەلمەيدىغان شۇ سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار مەلۇم ۋاقىتلارنى مۇقەددەس، مەلۇم ۋاقىتلارنى نەس دەپ بىلىپ، ئەنە شۇ نەس چاغلاردا مەلۇم شۇم سۆزلەرنى قىلىشتىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى «ئېغىزدىن سائەت چىقىپ كېتىش» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «سائەت» ساددا ئاسترونومىيىلىك تەجرىبىلەر، تىل ۋە ۋاقىت ھەققىدىكى خۇراپىي قاراشلار بويىچە تونۇلغان مەلۇم كۈندىكى قۇتلۇق، خەيرلىك پەيت ياكى شۇم، نەس دەقىقىلەر بولۇپ، ئەنە شۇ قۇتلۇق كۈنلەردە، خەيرلىك پەيتلەردە ئېغىزدىن بىرەر ياخشى گەپ چىقىپ كەتسە شۇنىڭ ئۇنۇمى دەرھال كۆرۈلىدۇ. شۇم، نەس پەيتلەردە ئېغىزدىن بىرەر يامان گەپ چىقسا، ئەمەلىيەتتىمۇ دەرھال ئاشۇ سۆزنىڭ ئىپادىسى كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ خەلق چۈشەنچىسىدىكى «سائەت»تۇر. «سائەت» دېگەنلىك شۇ مەنىدە «ئېيتىلغان سۆز بىلەن مەلۇم ئەمەلىي ئەھۋال ماس كېلىپ قالماق» دېگەنلىكتۇر. كىشىلەر سۆزلىگەندە مەلۇم يامانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك شۇم سۆزلەرنى قىلىشتىن ئىنتايىن ھەزەر قىلىدۇ. ئەگەر بىرەرى بىرەر شۇم سۆزنى قىلىپ سالسا، باشقىلار دەرھال «ئاغزىڭغا تاش»، «ئېغىزىڭدىن سائەت چىقىپ كەتمىسۇن يەنە» دەپ رەددىيە بېرىدۇ. بىرەر خەيرلىك سۆزنى قىلغاندا «ئېغىزىڭدىن چىققىنى سائەت بولۇپ قالغاي» دەپ ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئومۇمەن يامان، شۇم سۆزنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، ئۇ «سائەت» بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالسا، يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىش رولى بولىدۇ. شۇڭا مەيلى كەسكىن تەرزدە بولسۇن، ياكى چاقچاق قىلىپ بولسۇن، ئۆلۈم، كېسەللىك، ئاپەت، قازا قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن

MIRAS

قەتئىي چەكلىنىدۇ.

تىلدا رەڭگارەڭ، ئاجايىپ - غارايىپ پەرھىزلىك تىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سىلىق سۆزلەر، ئىبۇفېمىزملار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، تىل ئۇچۇن ئېيتقاندا «ئۆلۈم» ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار ئەڭ قاتتىق پەرھىز قىلىنىدىغان ئوبيېكتتۇر. ئۆلۈم تىلغا ئېلىنغان ھامان كىشىلەر قايغۇغا چۆمىدۇ، ھودۇقىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ. كىشىلەر ئۆلگەنلەرگە ياكى تىرىكلەرگە قارىتا ئىمكانقەدەر «ئۆلۈم»دىن ئىبارەت بۇ سۆزنى تىلغا ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا باشقا سۆزلەرنى تېپىپ چىقىپ «ئۆلۈم»نى سۇپەتلەپ ۋە بېزەپ ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلار ئۇدۇللا تىلغا ئېلىنىدىكەن، كىشىلەردە قايغۇ، ھودۇقۇش قوزغاپ قويىدۇ. ئەگەر «سائەت» توغرا كېلىپ قالسا تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن دەپ قارىلىدۇ. پەرھىزلىك تىل بىلەن ئۇنىڭغا ئالمىشىدىغان سۆزلەر تىلدا بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئالمىشىدىغان سۆزلەر بولسا تاشقى، يۈزەكى ۋە شەكلەن بولىدۇ. پەرھىزلىك تىل بولسا يوشۇرۇن ۋە ماھىيەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلۈم سۆزى ئۆلگۈچىنىڭ ئېتىقادى، سالاھىيىتى، ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي ئورنى ھەمدە سۆزلىگۈچىنىڭ ئېتىقادى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ھېسسىياتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا باشقا سۆزلەر بىلەن ئالمىشىدۇ. ئۇيغۇرلار «ئۆلۈم» سۆزىنى سىلىقلاپ مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ: «ۋاپات بولماق»، «قازا قىلماق»، «قازا تاپماق»، «شېھىت بولماق»، «قۇربان بولماق»، «ئەجەل شارابى ئىچمەك»، «چىرىغى ئۆچمەك»، «تىنىقى توختىماق»، «نەپەسى ئۈزۈلمەك»، «يۈرىكى سوقۇشتىن توختىماق»، «ئالەمدىن ئۆتمەك»، «ئۇ دۇنياغا كەتمەك»، «ئاخىرەتكە سەپەر قىلماق»، «بەندىچىلىك قىلماق»، «زىھلەت قىلماق»، «جان چىقماق»، «جاندىن جۇدا بولماق»، «جەھەننەمگە كەتمەك»، «خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتمەك»، «ئۆزىنى ئۇ دۇنيادا كۆرمەك»، «جان ئۈزمەك»، «جان تەسلىم قىلماق»، «جان بەرمەك»، «ئەجىلى توشماق»، «ئەجەل يەتمەك»، «كۈنى توشماق»، «چاچراپ كەتمەك» قاتارلىقلار. يۇقىرىقى 27 خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن باشقا يەنە «ئۆلۈپ قالماق»، «ئۆلۈپ كەتمەك» قاتارلىق شەكىللەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار يەنىلا «ئۆلمەك»كە ئوخشاش پەرھىزلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى «ئۆلۈم»گە ئالمىشىدىغان سۆزلەر ئوخشىمىغان تۈس مەنىلىرىگە ئىگە. «ئۆلۈم» سۆزىگە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىبۇفېمىزمەلىق سۆزلەر ئەمەس. بەزىلىرى بولسا تېخىمۇ سەلبىي ۋە ھاقارەت مەنىسىگە ئىگە سۆزلەردۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم سۆزىنى باشقا سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەققىدە مۇنداق قىزىقارلىق بىر ھېكايە بار: بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇ بىر كۈنى ئۇدۇلدىكى بىر چىشىدىن باشقا ھەممە چىشى چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئۇ ئوردىدىكى ھەممە ۋەزىرلىرىنى چاقىرتىپ، بۇ چۈشكە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر: «ئۇلۇغ پادىشاھىم، چۈشلىرىڭىزنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، سىلىنىڭ خوتۇن - بالا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدىكەن» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن چۈشكە تەبىر سوراپتۇ. «ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، چۈشلىرىدىن مەلۇمكى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆمرى خوتۇن - بالا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئۆمرىدىن ئۇزۇن بولىدىكەن» دەپ تەبىر بېرىپتۇ ئەپەندى. پادىشاھ ئەپەندىنىڭ جاۋابىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بېرىپتۇ. بۇ ھېكايىدىن پەرھىزلىك سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنى سىلىقلاپ، باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلىگەندە پەيدا بولىدىغان ياخشى نەتىجىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار سەھەردە توغرا، خەيرلىك سۆزلەرنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەتىگەندە شۇم سۆزلەرنى سۆزلىسە، شۇ خىل شۇملۇق شۇ كۈنى يۈز بېرىپ قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. چۈنكى سەھەر بىر كۈندىكى ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ھەر بىر ئىشنىڭ بېشى خەيرلىك باشلانمىسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياخشى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلاردا كەچلەردە جىن - شەيتانلارنىڭ پارىڭىنى قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئىشمۇ بار. چۈنكى «جىننىڭ گېپىنى قىلسا جىن كېلەر» ئىكەن.

سانلارنىڭ خەلق ئىشەنچلىرىدە ھەم خەيرلىك، ھەم

شۇم مەنىلىرى بار. سانلارنىڭ خەيرلىك ياكى شۇملۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ جۈپ ياكى تاقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان تاق سانلارنى جۈپ سانلاردىن ئەۋزەل ئەنئەنىسى بار. ئادەتتە جۈپ سانلار ئائىلە، توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىدا كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما تاق سانلار تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ساھەلىرى، جۈملىدىن تۇغۇت ئادەتلىرى، تۇرالغۇ، كىيىم ـ كېچەك، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ... ئىشلىرىدا بەك كەڭ قوللىنىلىدۇ.

تىل ئادەتلىرىدىكى شۇم سۆزلەرنى قىلىش خەلق ئادىتىنىڭ ئىچىدە چەكلىنىدىغان بىر تەرەپتۇر، ئەلۋەتتە پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى رايون، ۋاقىت، ئادەت، كەسىپ پەرقىگە قاراپ ئوخشىمىغان تۈس ئالىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى قارىقويۇقلا بىر ئۆلچەم بويىچە تەھلىل قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

3. ھاقارەتلىك سۆزلەرگە ئائىت پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى

ئىنسانلارنىڭ نومۇس ۋە شەرەپ تۇيغۇسى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ پەرھىزلىك سۆز بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇنداق سۆزلەر جىنس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەر، ئىشلارغا ئالاقىدار پەرھىزلىك سۆز، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان سۆز، مۇقەددەس شەيئى ۋە مۇقەددەس ئۇقۇملارغا ئائىت سۆز قاتارلىقلار شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

خەلق ئىشەنچلىرىدە جىنس ئەزالىرى ۋە جىنسىي پائالىيەت ناپاك، نومۇسلۇق ئىش دەپ قارالغان بولغاچقا، كىشىلەر جىنسىي ئەزانى ۋە جىنسىي پائالىيەتنى يوشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇلارغا ئائىت سۆزلەرنى قىلىشتىنمۇ بەك پەرھىز قىلىدۇ. جىنس ھەققىدە پاراڭ قىلماسلىق تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. ناۋادا جىنس ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كەلسە ئۇنداقتا ئۇنى بىۋاسىتە تىلغا ئالماي، باشقىچە سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئەرلىك جىنسىي ئەزانى «ئەۋرەت»، «ئالدى پېشاپ»، «زەكەر»، (ئەرەبچە «ئەرلىك» مەنىسىدە)، «تاناسىل ئەزا» (ئەرەبچە «كۆپىيىش ئەزاسى» مەنىسىدە)، «ئالەت» (ئەرەبچە «قورال» ياكى «سايمان» مەنىسىدە)، «ئالدى»، «ئاستى»، «جان يەر»، «ھېلىقى نەرسە»... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئوخشاشلا ئۇدۇللا تىلغا ئالماي، «ئەۋرەت»، «ئالدى پېشاپ»، «تاناسىل ئەزا»، «فەرج»» (ئەرەبچە «يېرىق مەنىسىدە)، «جان يەر»، «ئالدى»، «ئاستى»، «ھېلىقى يەر»... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «پاقا» سۆزى بىلەن ئاياللىق كۆپىيىش ئەزاسىنى مەجازىي رەۋىشتە ئىپادىلەيدىغان ئادەت بار بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئاياللارنىڭ يېنىدا بۇ سۆزنى تىلغا ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. پاقىنى ئاياللىق جىنسىي ئەزاغا ئوخشىتىش ھەمدە ئۇنى كۈچلۈك كۆپىيىش ئىقتىدارىنىڭ سىمۋولى دەپ قاراش دۇنياۋى كۆلەمدىكى ئىشەنچ بولۇپ، قەدىمكى مىسىرلىقلار، ياۋروپالىقلار ۋە باشقا مىللەتلەر نەزەرىدە پاقا ئىزچىل تۈردە ئاياللىق كۆپىيىش ئەزاسىغا تەققاسلانغان. بۇ ئەھۋالنىڭ پەرھىز شەكلىدە خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ بۇنداق ئىشەنچنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر دەلىلدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئەرلىك جىنسىي ئەزا «يىغاچ»، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى «سۇگرۇق» دېيىلگەن، ۋەھالەنكى بۇ سۆزلەر كېيىنچە ئىستېمالىمىزدىن چۈشۈپ قالغان.



جىنسىي ئەزانى تىلغا ئېلىش ئۈچۈن شۇنچىلىك پەرھىز قىلىنغان ئىكەن، ئۇنداقتا جىنسىي پائالىيەتمۇ ئەلۋەتتە تىلغا ئېلىنىش چەكلىنىدىغان ئىشتۇر. ئۇيغۇرلاردا جىنسىي ئالاقىنىڭ نامى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنماستىن، بەلكى ئۇ ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا «جىنسىي ئالاقە قىلماق»، «بىرگە بولماق»، «بىر ياستۇققا باش قويماق» (بۇ ئىبارە يەنە توي قىلىشقىمۇ ئېيتىلىدۇ)، «جىما قىلماق» «جىما»نىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «قوشۇلماق»تۇر. «زىنا قىلماق»، «قوشۇلماق»، جۈپلەشمەك» دېگەندەك ئىبارىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە «قىلماق، ئەتمەك» ۋە «قېتىلماق» دېگەن ئىبارىلەرنىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىدىغان ئەھۋال بار. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئەينى دەۋردە جىنسىي ئالاقىنى كۆرسىتىش مەنىسى بارلىقى سەۋەبىدىن پەرھىزلىك سۆزلەر جۈملىسىدىن بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات

بېرىدۇ: «ئەتتى تەڭرى مېنىڭ ئىشىمنى ئوڭلىدى. ئۇ نا-
ماز ئۆتىدى. ئوغۇزچە، ئوغۇزلار بىر ئىشنى قىلسا ‹ئەتتى›
سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. تۈركلەر ‹قىلدى› دەيدۇ. لېكىن بۇ
سۆز جىنسىي ئالاقىگىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، خوتۇنلار
خىجالەت بولمىسۇن دەپ، بۇ سۆزنى قوللىنىشتىن ۋاز
كەچتىكەن» ③ قىلدى: ئادەم ئىش قىلدى... بۇ سۆز
شۇنداق ئىشلىتىلگەندە ئەر كىشىنىڭ خوتۇن بىلەن جىن-
سىي ئالاقە قىلىشىدىن كىنايە بولغاچقا، ئوغۇزلار بۇ
سۆزدىن قېچىپ، ‹قىلدى›نىڭ ئورنىغا ‹ئەتتى› سۆزىنى
ئىشلىتىدۇ». ④ ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىمۇ خۇددى شۇنىڭغا
ئوخشاش «قىلدى» ۋە «ئەتتى» سۆزلىرىنى جىنسىي
ئالاقىنى بىلدۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان سىلىق سۆزلەش ئا-
دىتى كەڭ تارقالغاندۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە جىنسىي ئالاقىنى ئەسلىتىدىغان ياكى
جىنسىي ئەزادىن يوشۇرۇن دېرەك بېرىدىغان ھەيز،
چوڭ ـ كىچىك تەرەت، ھامىلدارلىق، تۇغۇت قاتارلىق
تەرەپلەردىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئا-
تاشتىن ھەم ئۇ ھەقتە ئۇدۇل سۆزلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا ھەيز كۆرۈپ قالغان ئايال ـ قىزلار ئۆزىنىڭ
ھەيز كۆرگەنلىكىنى باشقىلارغا، بولۇپمۇ ئەرلەرگە ئېيتە-
مايدۇ. ناۋادا ئۇ ھەقتە سۆزلەشكە توغرا كەلسە «ھەيز
كۆرۈپتۇ» دەپ ئاتىماي «ئادەت كۆرۈپتۇ»، «ئاي كۆ-
رۈپتۇ»، «ئاغرىپ قاپتۇ»، «مىجەزى يوق بولۇپ قاپ-
تۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا
«تۇغماق» دېگەن سۆز گەرچە ئومۇمىي، كەڭ مەنىگە
ئىگە سۆز بولسىمۇ، ئەمما ئاياللارغا نىسبەتەن بۇ سۆزنى
بىۋاسىتە ئىشلىتىش بىرئاز قوپال ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا ئادەمە-
نىڭ تۇغۇشىنى «بوشانماق»، «يەڭگىمەك»، «كۆزى
يورۇماق»، «تەۋەللۇت قىلماق»، «كۆزۈكمەك»،
«كۆزەيمەك»، «كوساتماق» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئى-
پادىلەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ ئاياللىڭ تۇغۇشىنى
«تۇغۇرماق»، «قۇرتۇلماق» ۋە «يەڭگىمەك» دېگەن
ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغاتىت
تۈرك»دا ئېنىق مەلۇمات بار. ⑤ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى-
دىمۇ «تۇغدى» سۆزى ئەينەن تىلغا ئېلىنماي يۇقىرى-
دىكى سىلىق ئىبارىلەر ئىشلىتىلىپ، ئاياللىڭ تۇغقانلىقى
ئىپادىلىنىدۇ. «تۇغماق» سۆزى ھايۋانلارغا ۋە ئادەمە-
لەرگە ئوخشاش ئىشلىتىلسىمۇ، ئەمما ھايۋانلارغا كۆپرەك
خاسلاشتۇرۇلىدۇ. ھايۋانلارغا «تۇغدى» سۆزى ئىشلە-
تىلگەن تەقدىردىمۇ، ھەر خىل ھايۋان تۈرىنىڭ تۇغۇشى
يەنىلا ئوخشاش ئىپادىلەنمەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تەرەت قىلىشنى جىنسىي ئەزا بىلەن باغ-
لاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ ھەممە چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى نا-
پاك نەرسە دەپ قاراپ، جىنسىي ئەزانى تىلغا ئېلىشتىن
پەرھىز قىلغاندىن باشقا يەنە چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى
«پوق»، «سۈيدۈك» دەپ ئاتىماي، «چوڭ تەرەت»،
«كىچىك تەرەت»، «نىجاسەت»، «گەندە» دەپ ئاتاي-
دۇ. تەرەت قىلىشنى «چېچىش» ياكى «سىيىش» دې-
يىشتىن پەرھىز قىلىپ، «تەرەت قىلماق»، «زەر قىلماق»
(جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىكى يەنە بىر خىل ئاتاش
ئۇسۇلى)، «ھاجەت قىلماق»، «تەرەت سۇندۇرماق»،
«ئارقىغا ئۆتمەك»، «ھېلىقى يەرگە بېرىپ كەلمەك»،
«ھاجەتكە بارماق»... دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ.
بولۇپمۇ قىزلار ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە بېرىشنى
ئۇدۇل تىلغا ئېلىش بەك چوڭ پەرھىزلىك ئىشتۇر.

ئۇيغۇرلاردا جىنس ئاتالغۇلىرىنى تىلغا ئېلىپ كىشىنى
تىللاش بەك قاتتىق ئېغىر ئېلىنىدۇ. بولۇپمۇ جىنسىي قا-
لايمىقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ناملاردىن «جا-
لاپ»، «شاپاقچى»، «پاھىشە» دېگەن سۆزلەر بىلەن
ئاياللارنى ھاقارەتلەش، «قوغچى»، «ھەجەقىز»،
«كۆت» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئەرلەرنى ھاقارەتلەش
ئىنتايىن يامان كۆرۈلىدۇ. دېمەك، بىنورمال جىنسىي پا-
ئالىيەت تىلدا پەرھىزلىك ئىش سانىلىپ قالماي، نورمال
جىنسىي پائالىيەتمۇ ھەم تىلدا مەلۇم پەرھىزلىك ئىش بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا باشقا تەرەپلەردە ھاقارەت
تۈسىگە ئىگە سۆزلەرنى قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھ-
ۋالمۇ بار. ئۇيغۇرلاردا «ئېشەك»، «ئىت»، «چوشقا»،
«كالا» قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ناملىرى بىلەن كىشىلەرنى
تىللاش ياخشى ئىش سانالمايدۇ. ئادەتتە شۇ ھايۋانلارنىڭ
ناملىرى بىلەن كىشىلەرنى تىللاش ياكى مەلۇم ئادەم ئى-
سىملىرى بىلەن يۇقىرىقى ھايۋانلارنىڭ ناملىرىنى بىرگە
تىلغا ئېلىش چەكلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «ئېشەك»، «ئىت»
كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھاقارەت سۆزلىرى بولۇپ،

2005.1

«چوشقا» سۆزىنى مۇسۇلمانلار ئارا ھەرقانچە دەرغەزەپ بولسىمۇ ئىشلەتمەيدۇ. «كالا» بولسا مەلۇم ئادەمنىڭ خۇيىنىڭ ئوسال، مىجەزىنىڭ ئىچكى مايىللىقى سەۋەبىدىن گەپ قىلماي تۇرۇۋالىدىغان ئەھۋاللارغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمەن قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا ھارام ھايۋاننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ كىشىلەرنى ھاقارەتلەش ئىنتايىن ھەزەر قىلىنىدىغان، كىشىلەر ئارا مۇقەررەر ھالدا ئىنتىپاقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋالدۇر.

ئۇيغۇرلاردا ئادەتتىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەركىلەتمە شەكلى، ھاقارەت شەكلى بولىدۇ. مەسىلەن: «پاتەم»، «پاتەك»، «ئايشەم»، «ئايشەك»، «توختەم»، «توختەك»، «زورەم»، «زورەك» «زۇننەم»، «زۇننەك»، «غوپەم» (ياكى «غۇپۇرۇم»)، «غۇپەك» (ياكى «غۇپۇرەك») دېگەندەك. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى يۈزىدىن يۈزىگە «ئەك، «ئۇق» ياكى باشقا سەتلەشتۈرگۈچى ئۇلانمىلار قوشۇلغان ھاقارەت شەكلى بىلەن ئاتىمايدۇ، بولمىسا بۇ شۇ كىشىگە قىلىنغان ھاقارەت سانىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدا ھەر بىر ئادەمنى ئۇنىڭ جىسمانىي روھى ۋە ئەقلىي ئەيىب ـ نۇقسانلىرى بىلەن تىللاش، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە سالاھىيىتىدىكى تۆۋەنلىك بىلەن ھاقارەت قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلار ساپ ئەخلاقىي مەسىلىلەر بولۇپ، بۇلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيمىز.

**4. قەسەم، «يامان تىل» ۋە قارغىش سۆزلىرىگە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر**

قەسەم—ئېغىزدىن چىققان ئەھدە، كېلىشىم دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ مەلۇم مۇقەددەس شەيئى ياكى ئىلاھنى دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ، ئېغىزدىن چىققان مەلۇم گەپنىڭ مەزمۇنىغا مۇئەييەن مۇددەتكىچە رىئايە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قەسەم ئىنساننىڭ ئەقىدىسىگە، ئىشەنچىسىگە ۋە مەيدانىغا باغلىق بولىدۇ. ئۇ مەلۇم مەنىدە يۈكسەك ئىرادە ۋە ئېتىقادنىڭ بەلگىسىدۇر. قەسەم مەزمۇن جەھەتتىن ئىككىگە بۆلۈنۈشى مۇمكىن. بىرى، بىر ئىشنى قىلىش توغرىسىدىكى قەسەم؛ يەنە بىرى، بىرەر ئىشنى قىلماسلىق توغرىسىدىكى قەسەمدىن ئىبارەت. قەسەمگە مەلۇم نەرسە ياكى ئىلاھنى نازارەتچى ياكى دەلىل قىلىش قەدىمدىن كەلگەن ئادەت بولۇپ، بۇ تىلنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشەنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. قەسەمنىڭ مەزمۇنىدا بىرەر ئىشنى قىلماسلىق ھەققىدىكى ئەھدە تىل پەرھىزىگە ياتىدىغان تەركىب بولۇپ، قەسەم قىلغۇچى مەلۇم ئىشنى قىلماسلىققا ياكى شەرتلىك ياكى شەرتسىز ھالدا قەسەم قىلغان بولسۇن، ئۇنداقتا ئۇ شۇ جەرياندا قەسەمدە قىلىشنى چەكلىگەن ئىشتىن باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنى تارتىدۇ. قەسەمدە ئىسپات كەلتۈرۈلىدىغان ئوبيېكتلار ياكى ئىلاھ بولىدۇ ۋە ياكى شۇ خەلق ئىشەنچىسىدە مۇقەددەس سانىلىدىغان ئوبيېكتلار بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئۆزلىرى ئىلاھ دەپ ئاتىغان تەبىئەت جىسىملىرى بىلەن، ھەرقايسى دىنلاردىكى ئىلاھلار بىلەن قەسەم قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نان، تۇز، داستىخان، تاماق، سۇ، ۋاقىت، نۇر (يورۇقلۇق مەنبەلىرى)، «قۇرئان» قاتارلىقلار بىلەنمۇ قەسەم قىلىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلق ئارىسىدا مۇقەددەس دەپ قارالغان شەيئى ۋە نەرسىلەردۇر. مەلۇم ئىشنى قىلماسلىق توغرىسىدا قەسەم ئىچىش شۇ ئىشتىن پەرھىز تۇتۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، شەرتسىز ۋە مەڭگۈلۈك قەسەمدە قەسەم قىلغۇچى قەسەم مەزمۇنىغا مەڭگۈ رىئايە قىلىپ، شۇ ئىشنى ھەرقانداق ئەھۋالدا قىلمايدۇ. شەرتلىك قەسەمدە، قەسەم مەزمۇنىغا شەرت قىلىنغان ئىشتا ئۆزگىرىش بولسىلا، قەسەمنىڭ رولى يوقىلىدۇ ـ دە، قىلمايمەن دېگەن ئىشنى قىلىۋېرىدۇ.

قەسەمنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئۆتكەن ئىشنى قىلغان ياكى قىلغانلىقىغا قەسەم قىلىش بولۇپ، ئىسلام دىنىدا قەسەمنىڭ بۇ خىل شەكلى شەرىئەت سوتىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. ھازىرقى زامان ياۋروپاسىدا سوت يىغىنلىرىدا، ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا ۋە توي مۇراسىمىنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇ قەسەمدىن ئىبارەت تىل ئادىتىنىڭ سىرلىق قۇۋۋىتىگە، تىزگىنلەش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنىڭ ئىنسانلاردا يەنىلا مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلار قەسەمنىڭ سىرلىق كۈچىگە ئىشىنىپ، قەسەمنى ئۇلۇغلايدۇ، قەسىمگە ئەمەل قىلغانلارنى ئىرادىلىك، مۇستەھكەم ئادەملەر قاتارىدا كۆرىدۇ. تولا قەسەم قىلىپ، قەسىمنى تولا بۇزىدىغان كىشىلەرنى «قەسەمخور» دەپ، ئەھدىگە ۋاپا قىلمايدىغان، ئىشەنچسىز كىشى دەپ قاراپ ئۇلارنى يامان كۆرىدۇ.

ئۇيغۇرلار تىلدا ئالاھىدە سېھرىي قۇۋۋەت بار، دەپ

قاراپ توغرا سۆزلەشكە ئەھمىيەت بەرگەندىن باشقا، مەلۇم نەرسىلەرنى زىيادە ئامراقلىق بىلەن ماختاپ سۆزلىگەندە، قەلبتىكى ھېرىسمەنلىك بىلەن تىلدىكى ماختاش تەركىبلەرى قوشۇلسا، تىل يامان خىسلەتكە ئىگە بولىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرلار «يامان تىل» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بوۋاق بالىلىرىنى، بولۇق ئۆسكەن زىرائەتلىرىنى، ئايىنغان مال - چارۋىلەرىنى ماختاپ سۆزلەشنى ياقتۇرمايدۇ. بولمايدىكەن ئۇلارغا «يامان تىل» تېگىپ، بوۋاقلار ئاغرىپ قالىدۇ، زىرائەتلەرگە ئالا چۈشۈپ كېتىدۇ، چارۋىلارغا ئاپەت تېگىدۇ، دەپ قارايدۇ. خەلق ئارىسىدا كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ بالىلىرىنى يۈزتۈر ماختاشتىن، «بالىڭىز چىرايلىقكەن»، «بالىڭىز سېمىز، تېمەن ئىكەن»، «بالىڭىزنىڭ ئىشتىهاسى ياخشى ئىكەن» دەپ ماختاشتىن، بالىلىرىنىڭ، مال - چارۋىلىرىنىڭ سانىنى ھەق ئېيتىپ بېرىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. بۇ خىل ئادەت ھازىرغا قەدەر ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار بوۋاق بالىلار گىرىپتار بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇلارغا يامان تىل ۋە يامان كۆز تېگىشتىن پەيدا بولغان دەپ قاراپ، بىر قاتار ئاكتىپ سېھىرگەرلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. ئەنە شۇ تەدبىرلەر ئىچىدە ئوقۇلىدىغان ئەپسۇنلاردا «تىلى يامانىنىڭ تىلىغا تەگكۈز، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىگە تەگكۈز» دېگەن تەركىبلەر بار.

تىلنىڭ سىرلىق قۇۋۋىتىگە ئىشىنىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىپادىسى قارغىش سۆزلىرى ۋە ئەپسۇن - ئەۋرەشلەردۇر. سېھرىي تەپەككۇر بويىچە ئېيتقاندا تىل ئالاقىلىشىش قورالىلا ئەمەس، بەلكى جادۇ قۇۋۋىتىگە ئىگە نەرسىدۇر. بۇ دەل بىز دەۋاتقان «قارغىش سۆزلىرى» ۋە «ئەپسۇن»دۇر. ئەپسۇننى مۇنداق ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى، تۈرلۈك سېھىرگەرلىك پائالىيىتىدە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرنى چاقىرىش، ياردەم تىلەش، قوغلاش مەقسىتىدە ئوقۇلىدىغان، دېيىلىدىغان سۆزلەردۇر. يەنە بىر خىلى بولسا ئادەتتىكى ئالاقە پائالىيەتلىرىدە باشقىلاردىن رەنجىگەندە ئېيتىلىدىغان قارغىش سۆزلىرىدۇر. بۇلار خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئىشلىتىلىدىغان ئورنى ئوخشىمايدۇ. لەنەت سۆزلىرى كۆپىنچە ئادەتتىكى ئېغىز تىلدا ئىشلىتىلىدىغان ئاممىباب ئەپسۇن بولۇپ، بىز پەرھىز ئادىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىزدە مۇشۇ خىل قارغىش، لەنەت سۆزلىرىنىلا قىسقىچە تىلغا ئالىمىز. ئۇيغۇرلار يامان مەزمۇندىكى تىلنىڭ يامان نەتىجە كەلتۈرەلەيدىغانلىقى، ياخشى مەزمۇندىكى تىلنىڭ ياخشى نەتىجە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ تۈرلۈك دىنلار تەرىپىدىنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىشتۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا تەڭرىنىڭ بەندىگە لەنەت ئوقۇشى، قارغىشى «قارغىش» دەپ، ئۇستۇن تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنى ياكى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە لەنەت ئوقۇشى «قىرغاش» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ پەرق «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. ⑥ئۇيغۇرلار تەڭرىنىڭ قارغىشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ قارغىشىمۇ ئادەمگە مەلۇم تەسىر ئېلىپ كېلەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ جەھەتتە مۇنداق بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. ئۇ بولسىمۇ، ئېپتىدائىي سېھىرگەرلىكتە قارغىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنىڭ تىلدىن كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچ بىلەن سۈنئىي دىنلاردا قارغىشنىڭ نەتىجىسى ئىلاھ تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. مەيلى قايسى تەرەپتىن كەلسۇن، خەلق ئىشەنچىسىدە قارغىش ھامان ئەمەلىي ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلاردا كىشىلەر بىر - بىرىگە ھەرقانچە غەزەپلەنسىمۇ «نان ئۇرغۇر»، «بېشىڭنى يەرسەن»، «ئۆلگۈر»، «تۇز ئۇرغۇر»، «شورى قۇرغۇر»، «قۇرتلاپ ئۆلگۈر»، «نان كور قىلىدىغان، دەۋزىخي»، «يەر يۇتقۇر»... دېگەندەك قارغىش سۆزلەرنى قىلىشتىن ھەمدە ئۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن بەك پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلەردە تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئادەمنىڭ قارغىشى ھەقىقەتەن ئەمەلىي نەتىجە پەيدا قىلىدۇ دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، ئاتا - ئانا: ئۇيغۇرلار ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆز بالىسى ئۆزلىرىنى ئىنتايىن قاقشاتقاندا بالىسىغا قىلىدىغان قارغىش - لەنىتىنىڭ مۇقەررەر يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاتا - ئانا بولغۇچىلار بالىلىرى ھەرقانچە جاپا سالسىمۇ ئۇلارغا يامان سۆز بىلەن لەنەت ئوقۇشتىن ھەزەر قىلىدۇ. بالىلارمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىدە ياخشى بولۇپ، ئۇلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ ھەمدە ئىنتايىن يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇ ھەقتە «ئاتا قارغىشى ئوق، ئانا قارغىشى پوق» دېگەن ماقال بار. بۇنىڭدا دېيىلگىنى ئاتا بالىسىنى قارغىسا، قارغىش شۇ ھامان ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئانا بالىسىنى



www.uyghurkitap.com

قارىسا، شۇ ھامان ئەمەلگە ئاشمايدۇ ـ يۇ، بالا بىر ئۆمۈر ۋەيرانچىلىقتا ئۆتىدۇ دېگەنلىكتۇر. مۇشۇنداق بولغاچقا ئىسلام دىنىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى، پەرزەنتلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قارغىشى مەنئى قىلىنغان.

قانداق سۆزلەرنى شۇم، ناپاك دەپ ھېسابلاش ۋە قانداق سۆزلەرنىڭ پەرھىزلىك سۆزلەر بولۇپ قېلىشىدا مىللەتلەر، رايونلار، تىللار ئارا نىسبەتەن چوڭ پەرقلەر ساقلىنىدۇ. ھەرقايسى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ئىشلىتىش ئادىتى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى قارىشى، شەرەپ ۋە نومۇس تۇيغۇسى، ئەخلاق ئەنئەنىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن تىل ئادەتلىرىدە پەرھىزلەرنىڭ ئوخشىمىغان تۈسلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تىل پەرھىزلىرىدىكى پەرھىز قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى، مەلۇم سۆزلەرنى قەتئىي ئىشلەتمەسلىك؛ يەنە بىرى، يامان سۆزنى ئۆزگەرتىپ ئېيتىش؛ ئۈچىنچىسى بولسا يۇقىرىقى ئىككى تەدبىر ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغاندا تېخىمۇ ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ يامان ئاقىۋەتنى تۈگىتىشتۇر، بۇ ئەلۋەتتە ئەپسۇن ـ ئەرۋاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىلدا ئەسلىدىلا يامان ـ ياخشى دېگەن پەرق بولمايدۇ. بۇ تىلغا مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت ئۆلچەملىرى ۋە چەكلىمىلىرى يۈكلەنگەن پەرقتۇر. بىر تىلدا ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى يامان ئەھۋالنى ئىپادە قىلىدىغان سۆزلەر شۇم ھېسابلانغاندىن باشقا، ئاشۇ سۆزلەرگە يېقىن تەلەپپۇزدىكى سۆزلەرمۇ ئاشۇ كاتېگورىيىگە تەۋە قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە بىز يەنە ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىي ئەقىدە سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن ئىككى خىل تىل پەرھىزىنى قىسقىرىپ ئۆتىمىز. ئۇلاردىن بىرى بىر كۈن كەچكىچە گەپ قىلماي يۇرۇشتىن پەرھىز بولۇپ، بۇ ئادەت ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن كېلىپ چىققان. يەنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى ئىچىدە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى دىنىي ئادەت سانىلىدىغان بىر كۈن كەچكىچە گەپ قىلماي يۇرۇشنى چەكلىگەن مەزمۇنلار بار بولۇپ، بۇنداق ئادەت دىنىي قائىدىگە ۋە نورمال ئالاقىگە يات بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇتتۇرىغا قويۇلغان ھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشقا ھەم تىل ئادىتى سۈپىتىدە مۇقىملىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا يەنە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن كۆپ پاراڭلىشىشنى چەكلەيدىغان ئادەت بار. يەكەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «ئەر ـ خوتۇنلار يېتىپ كۆپ پاراڭلاشسا، ئىككىسىدىن بىرى بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدۇ» دېگەن ئىشەنچ تارقالغان. ئىسلام دىنىدىكى بىر ھەدىستە گوياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر چەكلىمە بار بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ تىل پەرھىزىنىڭ شۇ دىنىي بەلگىلىمىدىن كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. دەرۋەقە كېچىدە كۆپ پاراڭ سېلىش ئۇيقۇغا، ئەتىسى سەھەر تۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىدىمۇ كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە يېتىپ تاڭ سەھەردە تۇرۇشنىڭ ئادەم تېنىگە زور پايدىسى بارلىقى سۆزلىنىدۇ. ئەر ـ خوتۇندىن بىرى بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېگىنى ئەنە شۇ پەرھىزنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئويدۇرۇلغان توقۇلما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، تىل پەرھىزلىرى ئىنسانلارنىڭ تىلنى سىرلىق چۈشىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تىلدىن ئىبارەت بۇ ئۈچۈر، ئالاقە قورالىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئېچىلغاندا ۋە ئۇنى پۈتۈن خەلق چۈشىنىپ يەتكەندە، تىلنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتىگە باغلىق بىر قاتار پەرھىز ئادەتلىرى تەبىئىي يوقىلىدۇ. ئەخلاقىي ۋە نومۇس ـ ھايا تۇيغۇسىغا مۇناسىۋەتلىك تىل پەرھىزلىرى جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئەخلاق قارىشىدا ئۆزگىرىش بولۇشىغا ئەگىشىپ قىسمەن ئۆزگىرىشلەرنى ياسىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىدە تىل جەھەتتە «ئاشكارىلىنىش»، «يالىڭاچلىنىش» ھالىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ شۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولسا كېرەك.

ئىزاھلار

① فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 1 ـ توم، 362 ـ بەت.

② لېۋى. برۇھل: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا (شاڭۋۇ) كىتاب بېسىش ئىدارىسى، 1981 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 42 ـ بەت.

③④ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 231 ـ بەت، 2 ـ توم 33 ـ بەت.

⑤ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ 2 ـ توم 338 ـ بەت ۋە 106 ـ بەت، 3 ـ توم 123 ـ ، 124 ـ ۋە 125 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑥ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 2 ـ توم، 421 ـ بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، فولكلور پەنلەر دوكتورى)

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

www.uyghurkitap.com

# نوزۇگۇم ئۆڭكۈرى





شۇڭقار تېغىدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى تار، ئىچى كەڭ ئىكەن. نوزۇگۇم ئۆز نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن ياۋۇز سۇلالىنىڭ گەجگىسىگە خەنجەر ئۇرۇپ، سىرتتا قېچىپ يۈرۈپ ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ ئۆڭكۈردە پاناھلىنىپتىكەن. قورسقى ئاچسا، ئۆڭكۈر ئەتراپىدىكى بال ھەرىلىرىنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ، ئوزۇقلىنىپ يۈرۈپتىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، نوزۇگۇمنىڭ شۇڭقار تېغىدىكى غاردا يۈرگەنلىكىنى چېرىكلەر ئۇقۇپ قېلىپ، تۇتۇپ كېلىشكە چىقىپتۇ. چېرىكلەر غارنى كۆرۈپ «بۇ قاچقۇننى ئەمدى توشقاندىنمۇ ئاسان تۇتىدىكەنمىز» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە بىر ـ بىرلەپ ئۆزلىرىنى ئېتىپتۇ. پاراسەتلىك نوزۇگۇم ئالدىدا كىرگەن چېرىكنىڭ كۆكرىكىگە پەم بىلەن خەنجەر ئۇرۇپتۇ. چېرىك شۇ ھامان يىقىلىپ، قولىدىكى قىلىچى چۈشۈپ كېتىپتۇ. قالغانلىرى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە پېتىنالماپتۇ. نوزۇگۇم ئۆلگەن چېرىكنىڭ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چېرىكلەرگە قاراپ ئېتىلغانىكەن، ھەممىسى ئارقىسىغا قاراپ قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇستىلەپ نۇرغۇن چېرىك چىقىپ، ئۆڭكۈرنى مۇھاسىرىگە ئاپتۇ. چېرىكلەرنىڭ باشلىقى چېرىكلەرگە بۇيرۇق قىلىپ:

—ئىس قويۇپ، بۇرۇقتۇم قىلىپ تۇتۇڭلار!—دەپتۇ. چېرىكلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا ئوت يېقىپتۇ، بىراق ئىس ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ ماڭماپتۇ. بۇنى كۆرگەن چېرىكلەرنىڭ باشلىقى يەنە:

—ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى چىپىپ يوغىنىتىڭلار—دەپ بۇيرۇپتۇ. چېرىكلەر قولىدا نېمە بولسا شۇنىڭ بىلەن ھە ـ ھۇ دېيىشىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى چىپىپ يوغىنىتىشقا كىرىشىپتۇ. نەچچە كۈن ئېتىشىپمۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى دېگەندەك يوغىنىتالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، چېرىكلەرنىڭ ھەر بىرى قارىغايدىن مەشئەل يېقىپ، غارنىڭ ئىچىنى يورۇتۇپ، قاتار تىزىلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. نوزۇگۇم كىرگىنىنىڭ ئۇدۇللۇق كاللىسىنى ئاپتۇ. نوزۇگۇم ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، نوزۇگۇم ھالسىزلىنىپتۇ، ئاخىر دەرماندىن كېتىپ، يىقىلىپ قاپتۇ. ئامان قالغان چېرىكلەر بىھوش ياتقان نوزۇگۇمنى باغلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئۆڭكۈر «نوزۇگۇم ئۆڭكۈرى»دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

توپلىغۇچى: تۇرسۇن زىرىدىن

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# فولكلور ـ ئىنسانىيەت روھىنىڭ گۈزەل جۇلاسى



(ئامېرىكىلىق فولكلورشۇناس، ئالىم ئالان. داندېس بىلەن سۆھبەت)

ئامېرىكا فولكلور ساھەسىدە خېلى شۆھرەت قازانغان شۇنداقلا بەس ـ مۇنازىرە پەيدا قىلغان، مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئالىم. ئۇ فولكلور تەتقىقاتىدا ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، روھىي ئانالىز نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇ نەزەرىيىنى فولكلورشۇناسلىققا تەتبىقلاپ، فولكلورشۇناسلىقتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

ياڭ لىخۇي، ئەن دېمىڭ، زۇمىڭخۇا ئۈچىمىز كالىفورنىيە بېركېلېي ( Berkeley ) تارماق مەكتىپىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان دوكتور گاۋبىڭجوڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئالان. داندېس ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەخسۇس تېما ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. دوكتور گاۋبىڭجوڭ ئەپەندىمۇ سۆھبەتىمىزگە داخىل بولدى. دوكتور داندېس بىزنى ئۆزىنىڭ ئازادە ھەم يورۇق ئىشخانىسىدا ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ياڭ لىخۇي، ئەن دېمىڭنىڭ ئۆزلىرى نامىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بۇ مەشھۇر ئالىم بىلەن تۇنجى قېتىم دىدارلىشىشى ئىدى. پروفېسسور داندېس



ئامېرىكىنىڭ هازىرقى زامان فولكلور ئالىملىرىدىن ئالان. داندېس ( Alan. Dundes ) جۇڭگو فولكلور ساھەسىگە ئەڭ تونۇشلۇق زاتلارنىڭ بىرى. ئالان. داندېس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەپەندىنىڭ مەردانە، خۇشخۇي مىجەزى خۇددى دېرىزە سىرتىدىكى كۆك ئاسمان كەبى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. شۇنداق بولغاچقا، سۆھبىتىمىز باشتىن - ئاخىر ئازادە ۋە خۇشال - خۇرام كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ سۆھبەت بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئەستىلىك بولۇپ قالدى.

بىز كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرۇپ پروفېسسور داندېس ئەپەندىدىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سورىدۇق ھەمدە ئامېرىكا فولكلورشۇناسلىق ساھەسىدە كۆپ خىل كۆز قاراشلارنىڭ تەڭلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن، ئىلىم ساھەسىدىكى باشقا ئەھۋاللاردىن تېخىمۇ تېرەن خەۋەردار بولدۇق، شۇنداقلا داندېس ئەپەندىنىڭ فولكلورشۇناسلىققا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندۇق. كالىفورنىيىنىڭ ئىللىق قۇياشى ئۇنىڭدا يېتىلدۇرگەن، ئۇنىڭ ئۇچراشقانلىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرىدىغان مىجەزىگە قايىل بولدۇق. بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلىرىمىزدىن ئوقۇرمەنلەرنىمۇ ئورتاق بەھرىمەن قىلىشنى لايىق تاپتۇق. (بۇ زىيارەت خاتىرىسىنى ئەن دېمەك سىنغا ئېلىنغان لېنتىغا ئاساسەن رەتلەپ چىققان بولۇپ، سەھىپە چەكلىمىسى ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندە سۆھبەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى قىسقارتىپ ئېلىندى - ت)

ياڭ: بىلىشىمىزچە، سىز روھىي ئانالىز نەزەرىيىسىگە ناھايىتى قىزىقىسىزغۇ دەيمەن...

داندېس: شۇنداق، بىراق مېنىڭ بىردىنبىر قىزىقىدىغىنىم فولكلورشۇناسلىق ئىلمى، بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان مەندىن باشقا ئادەممۇ يوق. بەزىلەر ئىلگىرى مېنى: «ئۇ بۇ ساھەدىكى يېتىشكىلى بولمايدىغان داھىي» دەپ تەرىپلىگەن ئىدى.

ياڭ: شۇنداق، مەن بۇنىڭغا دىققەت قىلدىم، شۇڭا سىز باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىسىز. مېنىڭ سورىماقچى بولغىنىم، سىز قانداقسىگە بۇ نەزەرىيىگە شۇنچىۋالا قىزىقىپ قالغانسىز؟

داندېس: مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، نۇرغۇن فولكلور ( folklore ) ①. ئۇ مەيلى قايسى ژانىر - ( genre ) چۆچەك، قوشاق ياكى رىۋايەتكە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرمەيدىغان ئىشلار سىڭگەن بولىدۇ. ئالايلۇق، ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ - يېپىلىدىغان ئۆڭكۈر، ئەسكەرگە ئۆزگىرەلەيدىغان چىش، چىشى بار سىكىرلىك ② ۋەھاكازالار، بۇلارنىڭ ھەممىسى قارىماققا ناھايىتى غەلىتە تۇيۇلىدۇ. بىز ئەسلىي پسىخولوگىيىدىن پايدىلانماي تۇرۇپ، فانتازىيىلىك مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك ئىدى، ئەمما نۇرغۇن فولكلور ئالىملىرى بۇنى بىلمەيۋاتىدۇ. موتىف ئىندېكسىنىڭ ئەخمەقلەر توغرىسىدىكى «J» بۆلۈكىدە، ئەخمەقلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەقكى، ئۇلار ھەممىنى يېزىقچا قاراپ بىلسىمۇ، ئەمما يېزىقنىڭ ئىستىئارە مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ قەيت قىلىنغان. مەن فولكلوردىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئىستىئارە، سىمۋول دەپ قارايمەن. سىز مۇبادا ئۇنى پەقەت يۈزەكىلا شەرھلەپ چۈشەندۈرسىڭىز، بۇ خۇددى فرېئودنىڭ چۈشنى تەتقىق قىلغاندا، «تاشقى مەزمۇن»غا دىققەت قىلىپ، ئەكسىچە يوشۇرۇن مەزمۇنغا سەل قاراش دېگەنگە ئوخشايدۇ. بىر ئادەمنىڭ چۈشىدە نۇرغۇن مەنىلەر بولىدۇ. ئەمما سىز چوقۇم چۈش مۇھىتىنىڭ قۇرۇلمىسىغا قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بارغىنىڭىزدىلا ئاندىن ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشىنەلەيسىز. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، فولكلورشۇناسلىقنىڭ 200 يىللىق تەرەققىياتىدا، فولكلور ئالىملىرى ئىزچىل تۈردە، فولكلورنىڭ سىمۋوللۇق خۇسۇسىيىتىگە سەل قاراپ كەلدى.

مېنىڭ سىمۋولىزم نەزەرىيىسىنى ياخشى كۆرۈشۈمدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، فرېئود ئۆزىنىڭ «سىمۋول» ئىدىيىسىنىڭ فولكلوردىن كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. مەن سىلەرنىڭ مەن يازغان «دۇنيا فولكلورشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى» ( Internationalfolkloristics ) ناملىق كىتابىنى ئوقۇغان - ئوقۇمىغانلىقىڭلارنى بىلمەيمەن. ئاشۇ كىتابقا «فرېئودنىڭ سىمۋولىزم نەزەرىيىسى» ( Freudian Symbolism ) دېگەن ناھايىتى مۇھىم كۆز قاراش بىر باب قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئاۋام فولكلورنىڭ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما فولكلور ئالىملىرى بۇنىڭغا دېگەندەك دىققەت قىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. فولكلور ئالىملىرىنىڭ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، فولكلورنىڭ يۈزەكى مەنىسى، موتىف، تۈرگە ئايرىش،

2005.1



ماتېرىياللارنى ساقلاش ۋە باشقۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش
مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلار فولكلورنىڭ مەنىسىگە ئانچە
دىققەت قىلمايدۇ. مەن فولكلور ئالىملىرىنىڭ دىققەت قە-
لىشىغا تېگىشلىك بولغىنى، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى
مۇھىم ئىشلار، جۇملىدىن ئاكا ـ ئۇكىلار بىلەن ئاچا ـ
سىڭىللار، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەت قاتارلىقلار بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن.
جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئىچىدە، ۋاپادارلىق توغرى-
سىدا بىر تۈركۈم چۆچەكلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋاپادار-
لىق ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن. ۋاپادارلىق — جۇڭگو
جەمئىيىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئېتىكا (ئەدەپ ـ
ئەخلاق) ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ پەرزەنتلەردىن ئاتا ـ ئانى-
سىنىڭ سەۋەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈز تۇرا تەنقىد
قىلماسلىقنى، ياشلارنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلىشىنى تەلەپ
قىلىدۇ. سىز نوقۇل ھالدا قايسى ـ قايسى ئەسەرلەرنىڭ
ۋاپادارلىق ھەققىدىكى ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
ئۆتۈش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، بەلكى چوقۇم مۇشۇ نۇق-
تىنى چىقىش قىلغان ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىڭىز كې-
رەك.

ياڭ: سىز بىزگە ناھايىتى ياخشى جاۋاب بەردىڭىز،
بىراق بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ فولك-
لورنىڭ ھەقىقىي سىمۋوللۇق مەنىسىنى كىم بىلەلەيدۇ؟
فولكلور ئالىملىرىمۇ ياكى فولكلور پائالىيىتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ؟ سىز مۇبادا روھىي ئانا-
لىز ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، فولكلورنىڭ سىمۋوللۇق مەنە-
سىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ ئېيتـ-
قانلىرىڭىزنىڭ زادى توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە كىم
ھۆكۈم قىلالايدۇ؟

داندېس: ئۆزۈم ھۆكۈم قىلالايمەن! (كۈلكە) بۇ مە-
سىلىنى ناھايىتى ياخشى سورىدىڭىز، دۇرۇس، مەن
فولكلورنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى توغرىسىدىكى شەرھكە
كىم ئارقىلىق ئېرىشىشىم كېرەك؟ خەلق ئەدەبىياتچىلىرى
ئارقىلىقمۇ ياكى فولكلور ئالىملىرى ئارقىلىقمۇ؟ مەسىلە
شۇنىڭدىكى، سىز مۇبادا ئاۋامدىن فولكلورنىڭ سىمۋول-
لۇق مەنىسى توغرىسىدا سورىسىڭىز، ئۇلار سىزگە بۇ
ھەقتە ھېچنېمىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. خۇددى چۈش كۆر-
گۈچىلەر ئۆزى كۆرگەن چۈشنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى
سىزگە توغرا ئېيتىپ بېرەلمىگىنىگە ئوخشاش. چۈش
كۆرگۈچىلەر دائىم: مەن بۇ چۈشنى چۈشەنمەيمەن، ئۇ-
نىڭدا مەن رېئاللىقتا ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان يەرلەر،
ئەزەلدىن ئۇچرىشىپ باقمىغان ئادەملەر باركەن! دەيدۇ.
بۇ، كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئويلىغان خىيالىي نەرسە-
لەرنى ھەرگىزمۇ چۈشەنمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر. دەل مۇ-
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز روھىي ئانالىزچىلارغا،
فولكلور ئالىملىرىغا موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز كىشى-
لەرنى ھەمىشە فولكلورنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى چۈ-
شەنسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلسىڭىز بولمايدۇ. سىز مۇبادا
كىشىلەر مەلۇم بىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسىرىنىڭ
سىمۋوللۇق مەنىسىنى شەرھلەپ بېرەلەيدۇ، دەپ تۇرۇ-
ۋالسىڭىز، ئۇنداقتا مەن سىزگە بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ
مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ رولىنى شەرھلەش ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. ئالايلۇق، كىشىلەر ئودىپوس چۆ-
چىكى ياكى AT931 تىپتىكى چۆچەكلەرنى ئېيتقاندا ئۇ-
لار، بۇنىڭ ھەقىقەتەن سىمۋوللۇق مەنىسى بار، دېيىشى
مۇمكىن. چۈنكى ئودىپوس ئۆزىنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىپ ئانىسىنى ئەمرىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. چۆ-
چەك ئېيتقۇچىلار ئەمەلىيەتتە بۇ نەتىجىنى بىلىپ تۇرسىمۇ،
ئەمما ئۇلار چۆچەك ۋەقەلىكىنى قانات يايدۇرۇش ئۈ-
چۈن، چۆچەك ئېيتقاندا بۇنى قەستەن بىلمەيدىغان قىيا-
پەتكە كىرىۋالىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كى-
شىلەر فولكلور پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا ئۆزىنىڭ
نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بالىلار دائىم: «سى-
زىقتا دەسسەپ، ئانامنىڭ ئومۇرتقىسىنى ئۇشتۇيمەن. يې-
رىقتا دەسسەپ ئانامنىڭ بېلىنى سۇندۇرىمەن» دېگەن
قوشاقنى ئېيتىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئېيتىۋاتقان

مەزمۇنلارنى ئويلاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەت بۇ ئويىنى قوشاق ئارقىلىق ئىپادىلەشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ خالاس. كىشىلەر فانتازىيىلىك چۆچەكلەردىكى ئاكىسىنىڭ ئۆز ئىنىسىنى، ئاچىسىنىڭ ئۆز سىڭلىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىدەك تەپسىلاتلارغا قارىتا، ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇ ھېچقانداق جىنايەت ياكى گۇناھقا كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ بىر چۆچەك خالاس، دېيىشى مۇمكىن. شۇڭا، كىشىلەر لەتىپە سۆزلەۋاتقان، چۆچەك ئېيتىۋاتقان، قوشاق ئوقۇۋاتقان ياكى مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا، گەرچە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ. بىراق، فولكلور ئالىملىرى بەزى دەلىللەش تېخنىكىسىدىن پايدىلانسا، بۇ سىموۋوللۇق مەنىنى ئانالىز قىلىپ چىقالىشى مۇمكىن. مەن پروپنىڭ فانتازىيىلىك چۆچەكلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان قۇرۇلما ئانالىزىغا ئاساسەن «سىمۋول تەڭپۇڭلۇقى» (Symbolic Equivalents )يەنى «موتىف ئېلىمېنتى باراۋەرلىكى» ( Allomotif Equivalents) دېگەن بىر تېخنىكىلىق ئاتالغۇنى ياساپ چىقتىم. بۇ تۆۋەندىكى چۆچەكلەر AT300 دىن AT49 غىچە بولغان تىپقا تەۋە بولۇپ، ھەر بىر چۆچەك مەلۇم بوشلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مەلۇم بىر بوشلۇقنى تولدۇرغۇچى ئامىللار (مورفولوگىيىلىك ئىقتىدار جەھەتتە) بىر يۈرۈش باراۋەر ماتېرىيال بولالايدۇ. بىز مۇبادا بىر چۆچەكنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتىغا ئېرىشكەن بولساق، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ماتېرىياللارنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئالايلۇق، بىر چۆچەكتە قەھرىماننىڭ كۆزى ئەما ئىدى، دېيىلگەن بولسا، يەنە بىر چۆچەكتە قەھرىمان ئاختا قىلىۋېتىلگەنىدى، دېيىلىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى: ئەمالىق بىلەن ئاختىلىق (ئىقتىدار جەھەتتە) ئۆزئارا باراۋەر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىمۋول ھەرگىزمۇ نوقۇل مەلۇم بىر چۆچەك بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. مەسىلەن، «كۇلقىز» چۆچىكىنى ئېلىپ ئېيتساق، سىلەرنىڭ جۇڭگودا كۇلقىز ھەققىدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى خاتىرىلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كەشىنىڭ سىمۋولى ھەرگىزمۇ ئاشۇ چۆچەك بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ چۆچەكتە كۇلقىز ئەڭ ئاخىرىدا خرۇستال كەشنى كىيىپ شاھزادە بىلەن دىدارلىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. بۇنىڭدا كەش بىلەن توي ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل باغلىنىش ئىپادىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە فولكلورىدىمۇ كەش توغرىسىدا نۇرغۇن مەزمۇنلار بار. ئالايلۇق، ئامېرىكىلىقلار توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن چاغدا، يىگىت بىلەن كېلىنچەك ئولتۇرىدىغان ماشىنىنىڭ قوغداش تاختىسىغا كەش چىگىپ قويىدۇ. سىز ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغىنىڭىزدا، كىشىلەر سىزگە بەلكىم بۇ پەقەت بىر خىل ئادەت خالاس، دەپلا جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئۇلار سىزگە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھەرگىزمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ كەش بىلەن توي (نىكاھ) نىڭ باغلىنىشچانلىقى توغرىسىدىكى يەنە بىر مىسالىدۇر.

«گۇس ئانا» ( Mother Goos ) ياكى «غاز ئانا»دا سۆزلىنىدىغان ئەللەي ناخشىسىدا: «بۇرۇن بىر موماي بار ئىكەن، ئۇ بىر كەشىنىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ بالىلىرى شۇنداق كۆپ ئىكەنكى، نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدىكەن» دېگەن بىر كۇپلېت بار. بۇنىڭدا ئەكس ئەتكىنى كەش ئىچىدە تۇرىدىغان بىر موماي بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر باغلىنىشتۇر. مەن بۇنىڭدىكى سىمۋوللۇق مەنە سىلەرگە بەش قولدەك ئايان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. بۇ ئەللەي ناخشىسىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئۇزاركلار ئارىسىدىن توپلانغان: «بىر موماي بار ئىكەن، ئۇ بىر كەشىنىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ بىرمۇ بالىسى يوق بولۇپ، نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدىكەن» دېگەن يەنە بىر ۋارىيانتىمۇ بار. يەنە بىر ئەللەي ناخشىسىدا: «قىق....قىق...قىق (خوراز) ... ئايال خوجايىنىم كەشنى يىتتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ خوجايىنى ھاسىسىنى يوقىتىپ قويىدى. ئۇلارنىڭ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قاتتى» دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ماڭا بەش قولدەك ئايان. ئۇ مۇشۇ ئەسەرلەر ۋە شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ھەقىقىي سىمۋوللۇق مەنە بولۇپ، ھەرگىزمۇ مېنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىم ئەمەس.

مەن سىلەرگە ئامېرىكا مەدەنىيىتىدىكى ئەرلەرنىڭ گالستۇكى توغرىسىدىكى بىر لەتىپىنى سۆزلەپ بېرەي،

بۇنى ئۇنچىۋالا ئېسىل لەتىپە دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

«شاۋ، سەن كۆڭلى بىر يەردە ئەمەس پروفېسسور توفرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئۇ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، گالستۇكىنى چىقىرىپتۇ ـ دە، ئاندىن ئىشتىنىغا سىيىۋېتىپتۇ، ۋەيت...!» مەن سىلەرگە باشتا بۇنىڭ ئۇنچىۋالا ئېسىل لەتىپە ئەمەسلىكىنى ئېيتقان ئىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئەمما بۇ لەتىپىدە گالستۇك بىلەن ئەرلەرنىڭ زەكىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىمۋوللۇق مۇناسىۋەت ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئەسەرنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇنى مەن زورلاپ كىرگۈزۈۋالغان ئەمەس.

ياڭ: سىز «سۇ ئاستىدىن لاي ئېلىپ چىقىش» دېگەن بىر ياراتمىش ئەپسانە توغرىسىدا يازغان بىر پارچە ئىلمىي ماقالىڭىزدە، بۇ ئەپسانىدىكى سىمۋوللۇق مەنىنى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئىقتىدارىغا بولغان ھەسەتخورلۇقى، دۇنيانى يارىتىشنى فانتازىيە ئارقىلىق چەتكە قاقىدىغان پسىخولوگىيىلىك ئىنكاس، دەپ شەرھلەپسىز، بىلىمدۇق، سىز بۇ يەكۈننى قانداق چىقارغان بولغىيتتىڭىزكىن؟

داندېس: سىلەر فرېيدنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باققانمۇ؟ (زىيارەتچىلەر: ئوقۇغان) ياخشى! مۇبادا ئوقۇپ باققان بولساڭلارلا ئۇنى ياقتۇرمايمەن دېسەڭلارمۇ ياكى تەنقىد قىلساڭلارمۇ ئىختىيارىڭلار. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى زادىلا ئوقۇپ باقمىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىدۇ، قارشىلىشىدۇ، بۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئەھۋال. فرېيد بوۋاقلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك يېتىلىش جەريانىغا قارىتا ئانالىز ئېلىپ بارغان. فرېيد ئانتروپولوگىيە نەزەرىيىسىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ مەدەنىيەتتىكى قارىمۇقارشى خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى تېخىمۇ شۇنداق، ئۇ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتتە بوۋاقلارنى تەربىيىلەيدىغان ئوخشاش بولمىغان ئەنئەنىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغان. ئەسلىدە بۇ تۇرغۇچ ناھايىتى مۇھىم ئىدى. بىراق، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيىدىكى ئەھۋاللار شۇنىڭدەك ئامېرىكىدىكى قىسمەن ئەھۋاللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ ئانالىزى يەنىلا پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. بوۋاقلار دەسلەپكى مەزگىلدىكى يېتىلىش جەريانىدا، ئالدى بىلەن ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك. بىرىنچىسى لەۋ باسقۇچى. بوۋاقلار بۇ باسقۇچتا ئانىسىنىڭ كۆكسىنى شوراش، سۈتىنى ئېمىش ئارقىلىق قانائەت تاپىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە لەۋ، ئېغىز بوشلۇقى پاڭالىيىتىمۇ ئۇلارنى خۇشاللىق تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرەلەيدۇ. بۇ باسقۇچتا ئاشۇ ئىشلارغا زىيادە بېرىلىپ كەتكەن بالىلار بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلدە يەپ ـ ئىچىشكە، تاماكا چېكىشكە ياكى نەرسىلەرنى چايناشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېغىز شەھۋىتى (ئىستىكى)نى قاندۇرىدۇ. ئىككىنچىسى مەقەت باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا بوۋاقلار ئۆز بەدىنىنىڭ مەلۇم بىر خىل نەرسىنى ئىشلەپ چىقىرالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزى ئاجرىتىپ چىقارغان ئاشۇ نەرسىگە ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەرقېتىم چىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى پايپېتەك بولۇپ، ئۇنى ئېرىغداپ، بەدىنىنى يۇيۇپ، تېرە ئاسراش مېيى سۈرتۈپ قويىدۇ. بۇ خىل كۆيۈنۈشكە، غەمخورلۇققا ئېرىشىش تۇيغۇسى بوۋاقلارغا ناھايىتى ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بوۋاقلار ئىشلەپ چىقارغان ئاشۇ مەلۇم بىر خىل نەرسە (پوق، سۈيدۈك) ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ھەدىيە قىلغان بىر خىل قىممەتلىك «سوۋغىسى» بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىشلەپ چىقارغان نەرسىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق، چۈنكى ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ھەتتا تۇتۇپمۇ قويماستىن، ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋېتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ قىممىتى بار دېيىشكىمۇ ھەم يوق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. فرېيد مەقئەت باسقۇچىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغان بالىلاردا، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشتا «مەقئەتچە ئالاھىدىلىك» شەكىللىنىپ قالىدىغانلىقىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ھەمىشە قىممىتى بار دېسىمۇ، يوق دېيىلسىمۇ بولىدىغان بەزى نەرسە ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئامراق كېلىدىغانلىقىنى، بەزى قىممىتى يوق مەلۇم بىر خىل نەرسىنى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئالايلۇق، بەزى كىشىلەردە ئىشلىتىلىپ بولۇنغان پوچتا ماركىسىنى يىغىشقا قىزىقىدىغان ھەۋەس بولىدۇ. پوچتا ماركىسى خەت سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، كونۋېرتقا چاپلىنىپ، ئۈستىگە تامغا بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە ھېچقانداق ئىشلىتىش قىممىتى

قالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئادەتتە ئىشلىتىلىپ بولۇنغان پوچتا ماركىلىرىنى تاشلىۋەتسىمۇ ئەمما بەزى كىشىلەر ئۇنى توپلايدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى يوق پېۋا بوتۇلكىسى، كونسېرۋا قۇتسى دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىشقا، ئۇلارنى رەتلەشكە، تىزىشقا، تۇتۇشقا، ھىدىنى پۇراشقا... ھېرىسمەن كېلىدۇ. يەنە بىر خىل ئەھۋال شۇكى، پۇل بىلەن پاسكىنا نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر خىل باغلىنىش بار. ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئادەت سۆزلىرىدە ئاشۇ باغلىنىش ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، كىشىلەر مەلۇم بىر كىشىنى «پاسكىنا باي» ( Filthy rich )دېيىشى مۇمكىن. رىمدا: «پۇلنىڭ سېسىقى يوق» دەيدىغان بىر ماقال بار. پۇل قانداقمۇ پۇراق چىقىرالسۇن؟ فرېيىودنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ پۇلنى مەھكەم سىقىۋېلىپ، خەجلەشنى خالىمايدىغان بېخىل (پېخسىق) ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا خەلقى ئارىسىدا ھۆكۈمەت ياكى ئارمىيە مائاش تارقاتقان كۈننى «بۇركۇت باش ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن كۈن» ياكى «بۇركۇت چىچقان كۈن» دەپ ئاتايدىغان بىر خىل ئادەت سۆزى بار. بۇنىڭدا خۇددى بىز يۇقىرىدا گالستۇكنى ئەرلەرنىڭ زەكىرىگە ئايرىپ باغلىغان كۆز قاراشقا ئوخشاشلا، خەلقنىڭ بىر خىل بىۋاستە باغلانما (ئۇلانما) تەسەۋۋۇرى ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ «بۇركۇت چىچتى» دېگىنى ھۆكۈمەت ياكى ئارمىيىنىڭ ئۇلارغا مائاش تارقاتقىنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى بۇركۇت دۆلەت قۇشى. بۇ يەردە «بۇركۇتنىڭ چىچىشى» پۇل تارقىتىشقا تەمسىل قىلىنغان. يۇقىرىقى دەلىللەرنى يىغىنچاقلىساق، مەن «سۇ ئاستىدىن لاي ئېلىپ چىقىش» ئەپسانىسىنى ئانالىز قىلغان چاغدا، بۇنى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئىقتىدارىغا ھەسەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەدىنى ئارقىلىق دۇنيانى ياراتماقچى بولغانلىقى دەپ كۆرسەتكەنىدىم. ئۇنداقتا، ئۇلار بۇ مەقسەتكە قانداق يېتىدۇ؟ بۇنىڭدىكى بىردىنبىر يول چەتكە قېقىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. بىز بۇ تۇرغۇنى قانداق بىلەلەيمىز؟ نۇرغۇن چۆچەكلەر بىزنى بۇ ھەقتىكى مۇپەسسەل ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاشۇ چۆچەكلەردىكى ياراتقۇچىلار دەرۋەقە چەتكە قېقىش ياكى سۇ ئاستىدىن لاي ئېلىپ چىقىش ئارقىلىق ئالەمنى يارىتىدۇ. لاي بالىلار ئويناشقا ئامراق نەرسە، فېرېنزى ( Ferenczi )

ئىلگىرى بالىلارنىڭ ئۆزى چىقارغان نەرسىنى (پوق، سۈيدۈك ـ ت) ئويناش جەريانىدا، ئۇنى ئويناماسلىق توغرىسىدا تەنبىھلەنگەندىن كېيىن، ئىجتىمائىيلاشقان مۇساپىنى تاماملايدىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا لاي، قۇم، توپا، شېغىل قاتارلىقلار بالىلارنىڭ ئويىنىشىغا يول قويۇلىدىغان ۋاكالەتچى بۇيۇمغا ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئويناشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نەرسىلەرنىڭ پاسكىنا ئەمەس ھەم سېسىق پۇرىمايدىغانلىقىنى مېغىزلىق ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئومۇمەن، سىز بۇ ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ سىمۋوللۇق تۈزۈلۈشنى چۈشەنگىلى بولىدىغان يولنى تاپقان بولىسىز ھەمدە مۇشۇ تۇرغۇدىن چىقىپ، ئۇنىڭغا قارىتا ئانالىز ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تۇرلۇك فولكلور پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان سىمۋوللۇق مەنە ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئايدىڭ بولسىمۇ، بىراق نۇرغۇن فولكلور ئالىملىرى بۇلارغا دىققەت قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنى رەت قىلىشىدىكى سەۋەب فولكلور پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان خەلقنىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش. يەنى، ئۇلار: «سىز نېمە ئۈچۈن فولكلورنى ياخشى كۆرىسىز؟»، «سىز نېمە ئۈچۈن فانتازىيىلىك نەرسىلەرگە ئامراق؟» دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانسا، ئۆزىنى خۇددى ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سىزگە پەقەت: «مەن فولكلورنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى ئۇ ناھايىتى گۈزەل ھەم قىزىقارلىق» دەپلا جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن نېگىزلىك بولغان بەزى ئىچكى ئامىللار تۈپەيلىدىن ئاشۇ مەلۇم بىر خىل فولكلورنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولىدۇ. فولكلور ئالىملىرىنىڭ دائىم قىلىدىغىنى پەقەت فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلاش، ئۇنى تۈرگە ئايرىپ چىقىش ۋە ساقلاش دېگەندەك خىزمەتلەر بولۇپ، فولكلوردىكى ئاشۇ نېگىزلىك ئامىللارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز. سىلەر فرېيىودنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ كۆرگەن بولساڭلار، بۇلارنى چۈشىنەلەيسىلەر. بىراق نۇرغۇن

2005.1

فولكلور ئالىملىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى زادىلا ئوقۇپ قويمايدۇ. بۇ دۆلەتتە (ئامېرىكىدا ــ ت) ھەم فولكلورشۇناس ھەم روھىي ئانالىزچى ئالىمدىن مەندىن باشقا بىرىمۇ يوق. بۇنداقلارنىڭ سانى پۈتۈن دۇنيا بويىچىمۇ بىر قانچىگە يەتمەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال!

فولكلور ئالىملىرى فانتازىيىلىك نەرسىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمۇالغان چاغدا، فولكلوردىكى نېگىزلىك ئامىللار ئۈستىدە ئىزدەنسە، بۇ ئىش ئۇلارغا ئۇنچىۋالا مۇشكۈل تۇيۇلمىغان بولار ئىدى. كىشىلەرنىڭ غەم ــ قايغۇ، ئازاب قاتارلىق ھېس ــ تۇيغۇ ۋە روھىي كەيپىياتلىرى فولكلوردا ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، فولكلور بىزنى كىشىلەرنى چۈشىنىدىغان بىر كۆزنەك بىلەن تەمىن ئەتتىمۇ، بىراق كۆپ ساندىكى فولكلور ئالىملىرى بۇلارنى تەكشۈرۈشنى رەت قىلىدۇ.

ياڭ: بۇ ئېھتىمال ئۇلارنىڭ فولكلورنى باشقا تۈرغۇلاردىن تەتقىق قىلىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

داندېس: شۇنداق، ئۇلار بەلكىم مەلۇم بىر خىل فولكلور ھادىسىسىنىڭ تارقىلىشىنى خەرىتىگە بەلگە قويۇپ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ نەقەدەر قەدىمىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق قىلىشنى تامامەن ئىنكار قىلىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. سىز فولكلورنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى بىر پارچە خەرىتە قىلىپ سىزىپ چىقىپ، كىشىلەرگە بۇ چۆچەكنىڭ جۇڭگودىن، ئاۋۇ ھېكايىنىڭ كورىيىدىن، ماۋۇنىڭ ياپونىيىدىن كەلگەنلىكى ۋەھاكازالارنى ئېيتىپ بەرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. لېكىن مەن بۇنىڭغا قىزىقمايمەن. مېنىڭ ئاساسلىق قىزىقىدىغىنىم فولكلوردىكى مەلۇم بىر چۆچەك نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مەلۇم بىر خىل چۆچەكنى ئېيتىدۇ؟ مەلۇم بىر چۆچەك نېمە ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېيتىلىپ كېلىنىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش نېگىزلىك مەسىلىلەردۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە روھىي ئانالىز تەلىماتىنى چىقىش قىلماي تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. سىز مۇبادا بۇنىڭغا پەقەت: «چۈنكى، خەلق بۇ چۆچەكنى ياخشى كۆرىدۇ؟ دەپلا قويسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ خۇددى بىرى سىزدىن: «كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مەلۇم بىر لەتىپىنى ياخشى كۆرىدۇ؟» دەپ سورىسا، سىزنىڭ ئۇنىڭغا: «چۈنكى بۇ لەتىپە ناھايىتى كۈلكىلىك» دەپ جاۋاب بەرگىنىڭىزگە ئوخشاشلا ھەرگىزمۇ نەزەرىيىۋى جاۋاب بولالمايدۇ. لەتىپە دېگەن كۈلكىلىك بولىدۇ. ئەلۋەتتە. مەسىلە كىشىلەرنىڭ ئاشۇ لەتىپىنى نېمە ئۈچۈن كۈلكىلىك ھېس قىلىدىغانلىقىدا، ئاشۇ لەتىپىنى كۈلكىلىك قىلىۋەتكەن نەرسىنىڭ نېمىلىكىدە. سىلەر فىرېئودنىڭ لەتىپە توغرىسىدا يېزىلغان كىتابىنى ئوقۇپ باققانمۇ؟ بۇ كىتابتا لەتىپە توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. ئەگەر ئوقۇمىغان بولساڭلار ئوقۇپ قويۇڭلار.

گاۋ: سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز فىرېئودنىڭ لەتىپىنى تەتقىق قىلغان ئەسىرى ئوخشىمامدۇ؟

داندېس: شۇنداق، ئۇنىڭ 1905 ــ يىلى نەشر قىلىنغان «ئاڭسىزلىق ئىچىدىكى ئەقىل ــ پاراسەت ۋە يۇمۇر» ناملىق كىتابى. بۇ كىتابتا چۈش مۇھىتىدىكى نۇرغۇن ئامىللارنى، جۈملىدىن قۇيۇلدۇرۇش، ئالماشتۇرۇش، چېچىش، سىمۋول قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى لەتىپىدىن بايقىغىلى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. شۇڭا، چۈشنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چۈشنىڭ نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرىنى نىسبەتەن ئاسانراق تەتقىق قىلىپ چىققىلى بولىدۇ. چۈنكى چۈش پۈتۈنلەي شەخسىيلىشىپ كەتكەن نەرسە بولغاچقا، ئۇنى پەردازلىغىلى بولمايدۇ. ئەمما لەتىپە كوللېكتىپ خاراكتېرلىك بولىدۇ. مۇبادا مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ كۆرگەن چۈشۈمنى ئېيتىپ بەرسەم، ئېھتىمال بۇنىڭغا ئانچە قىزىقماسلىقىڭلار مۇمكىن. ئەمما بىرەر لەتىپە سۆزلەپ بەرسەم ياكى قوشاق ئېيتىپ بەرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ بۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىڭلار ھەسسىلەپ ئېشىپ بارىدۇ ــ دە، ئۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇۋېلىپ، كېيىن يەنە باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشكە ئالدىرايسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئانالىز قىلىش چۈشنى تەھلىل قىلغانغا قارىغاندا كۆپ ئاسان دېيىشكە بولىدۇ. فىرېئۇد بىلەن ئوپپېنھېيم (Oppenheim) ھەمكارلىشىپ يازغان «فولكلوردىكى چۈش»تە فولكلور بىلەن چۈشنىڭ مۇناسىۋىتى سۆزلەنگەن. بۇ كىتابنىڭ قوليازمىسى تەخمىنەن 50 يىلدەك چېچىلىپ يۈرگەن بولۇپ، 1958 ــ يىلى ئاندىن رەسمىي كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com



بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز يالغۇز روھىي ئانالىز نەزەرىيىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ پەقەت مېنىڭ شەخسىي قىزىقىشىمدىنلا ئىبارەت خالاس. سىلەر (زىيارەتچى يالڭ لىخۇي، ئەن دېمىڭنى دېمەكچى — ت) ئىنديانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەن ئېيتقان بۇ گەپلەرنى ھېچكىمدىن ئاڭلىيالمايسىلەر! (زىيارەتچىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.)

يالڭ: نۇرغۇن ئالىملار ھەمىشە ئېقىمغا ماسلىشىپ ئۆزىنىڭ تەتقىقات مېتودىنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرىدىكەن. سىزمۇ مەلۇم بىر خىل يېڭى ئېقىمغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇلىڭىزنى تەڭشەپ تۇرامسىز؟

داندېس: مۇبادا بۇ خىل يېڭى نەزەرىيە ۋە مېتود مېنىڭ قوللىنىشىمغا ئەرزىيدىغان بولسا، ئۇنداقتا مەن ئۇنى ئەلۋەتتە قوللىنىمەن. بىراق، سىز ئۆزىڭىزنىڭ نۆۋەتتە قوللىنىۋاتقان مېتودىڭىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز، ئۇنداقتا بۇنى يەنە ئۆزگەرتىپ يۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟! مېنىڭ روھىي ئانالىز تەلىماتىغا بولغان قىزىقىشىم ئىزچىل تۈردە ئۆزگەرمەيدۇ. ئىنديانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ھەممە ئادەم ھەتتا R. دورسۇن ( R. Dorson ) مۇ فولكلور تەتقىقاتى ئېلىپ بارغاندا، مەزمۇن ئانالىزى ئۇسۇلىنى ناھايىتى ئاز قوللاناتتى. ئۇلار يەنە ماڭا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمنىمۇ ئاشۇ خىل تەپەككۇر يولى بويىچە يېزىپ چىقىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمنى يېزىش جەريانىدا قۇرۇلمىچىلىق (ستروكتۇرالىزم) مېتودىنى قوللاندىم. چۈنكى قۇرۇلمىچىلىق مېتودى تەجرىبىچىلىك مېتودى كاتېگورىيىسىگە تەۋە ئىدى. ئالايلۇق، چۆچەك، ماقال — تەمسىل، تېپىشماق قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋەھاكازالار. مەن بۇ خىل مېتودنى قوللانسام، باشقىلار يازغان نەرسىلىرىمنى ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ نەرسىسى دېيەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق دەيدىغان بولسا، مەن ئۇلارغا چۆچەكلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەمدە قاراڭلار، بۇ مېنىڭ سۇبيېكتىپ كۆز قارىشىم ئەمەس، بۇمۇ تەجرىبىچىلىك سەھەسىدىكى خىزمەت دېگەن بولار ئىدىم. كۆپساندىكى فولكلار ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى تەجرىبىچىلىك مېتودىنى ياخشى كۆرىدۇ، تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى ئىشلەشنى خالايدۇ، فولكلورنى شەرھلەشنى رەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، سىز مۇبادا فولكلورنى شەرھلەپ چۈشەندۈرسىڭىز، ئۇنداقتا، ناھايىتى ئاسانلا خاتا يەكۈن چىقىرىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن.

يالڭ: بەزى ئالىملار، فولكلور ئالىملىرى نەزەرىيىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۇلار پەقەت ماتېرىيال توپلاشقا كۆڭۈل بۆلسىلا بولىدۇ دەپ قارايدىكەن...

داندېس: راست شۇنداق، ئەمما بۇ ناھايىتى زور بىر خاتالىق، بىز نەزەرىيىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك.

يالڭ: ئۇنداقتا سىز فولكلور ئالىملىرى تەتقىقات مېتودىنى تەڭشەپ تۇرۇشى، نوقۇل ماتېرىيال توپلاش خىزمىتى بىلەنلا شۇغۇللانماسلىقى كېرەك، دەپ قارامسىز؟

داندېس: شۇنداق، يالغۇز ماتېرىيال توپلاش بىلەنلا شۇغۇللانماسلىق كېرەك. بىز فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلىغۇچىلارغىمۇ موھتاج، ئەلۋەتتە. مەن ماتېرىيال توپلىمايمەن. بىراق باشقىلار توپلىغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، مەلۇم بىر چۆچەكنىڭ قانچىلىك ۋارىيانتى بار؟ ۋەھاكازالار ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بارىمەن. مەن دالا تەكشۈرۈشىمۇ ئېلىپ بارمايمەن، باشقىلار دالا تەكشۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار توپلىغان ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىمەن. بىراق ئۇلار بۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر پەقەت غايەت زور بىر فولكلور ماتېرىياللىرى خەزىنىسىنى قۇرۇپ چىقىشقىلا كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

يالڭ: سىز بىرىنچى قول ماتېرىيالنى تەتقىقاتنىڭ ئاساسى دەپ قارامسىز؟

داندېس: شۇنداق، مەن ماتېرىيالنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ماتېرىيال بولمىسا، تەتقىقات خىزمىتىنى ئېلىپ بارالمايمەن.

يالڭ: مەن ئۆزىڭىز تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىرىنچى قول ماتېرىيالنى دېمەكچىمەن.

داندېس: مەن يەنىلا ياخشى توپلىغۇچىلارنىڭ خىزمىتىگە ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن كىشىلەر فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. بىزدە ھازىر سانسىزلىغان يازما ماتېرىياللار بار بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن توپان ئەپسانىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ۋارىيانتى ئۈستىدە گەپ قىلمايمەن. شۇنداقلا نۇرغۇن يىللىق ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ، ئالدى بىلەن مەلۇم بىر خىل تىلنى ئۆگىنىپ،



ئالايلۇق، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىپ، ئاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار رايونىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ توپان ئەپسانىسىنى توپلاپ يۈرمەيمەن. بىراق، جېي داتچېر (Jay Dautcher) ئۇ يەرنى تەكشۈرگەن چاغدا، ماڭا ياردەملىشىپ لازىملىق ماتېرىياللارنى توپلاپ بېرىدۇ. (جېي داتچېر ــ جۇڭگوچە ئىسمى دىڭ جاۋرەن، ئىلگىرى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كافېدراسىدا ئوقۇغان. ئۇ پروفېسسور ئالان. داندېس ئۇچۇن تەربىيىلەنگەن دوكتور بولۇپ، ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلورى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ھازىر پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فولكلورشۇناسلىق پروفېسسورى ـ ت). ③

ئومۇمەن، توپان ئەپسانىسى، كۈلقىز چۆچەكنىڭ سانسىزلىغان ۋارىيانت ۋە تىپلىرى پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بولۇپ، بۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىرەر ئادەم بولۇشى كېرەك. كىشىنى ھەقىقي جەلپ قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى دالا تەكشۈرگۈچىلەر ئەمەس، بەلكى لىۋى سترائوس، فرازېر، فرېئۇد قاتارلىق كىشىلەر يېزىپ چىققان. ئۇلار دالا تەكشۈرگۈچىلەر ئەمەس، بەلكى مۇتەپەككۇرلاردۇر. بۇ يەردىكى مۇھىم ھالقا شۇكى، بىز باشقىلار تەكشۈرۈپ توپلاپ كەلگەن ئاشۇ ماتېرىياللارنى بىرەر ئادەمنىڭ تەتقىق قىلىشىغا موھتاج. ئۇنداقتا سىزنى تاللا دېسە، ئۆمۈر بويى ماتېرىيال توپلاشنى ئاساس قىلىشنى تاللامسىز ياكى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشنىمۇ؟

مەن ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىش يولىنى تاللىۋالدىم. مەن بولسام بىر كۇتۇپخانا تىپلىق ئالىم، كۇتۇپخانىنى، كىتابلارنى، تەپەككۇر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. كىتاب ـ ماتېرىياللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى خالايمەن. كىشىلەرمۇ ھەرگىز مېنىڭ دالا تەكشۈرگۈچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشۇمغا ھاجەتمەن ئەمەس. بىراق مەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا دالا تەكشۈرۈشنى ئۆگىتىشنى خالايمەن. ئۇلار فولكلور، فولكلورشۇناسلىقنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ ۋە فولكلورنى قانداق تەكشۈرۈش ۋە توپلاشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. مەن ئۇلارنىڭ دالا تەكشۈرۈش تاپشۇرۇقىنى ئىشلىشىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر دالا تەكشۈرۈش تىزىسى تۈزۈپ بەردىم. بىر ئازدىن كېيىن مەن سىلەرنى ئوقۇغۇچىلىرىم توپلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئامبىرىغا باشلاپ بارىمەن ھەمدە ئۆزۈم تۈزۈپ چىققان دالا تەكشۈرۈش تىزىسىنى كۆرسىتىمەن.

ئەن: سىز دالا تەكشۈرۈش تاپشۇرۇقى فولكلور شۇناسلارنىڭ تەپەككۇرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، دېگەن پىكىرگە قوشۇلامسىز؟ مالىنوۋسكىينى ئالساق، ئۇ بۇ جەھەتتە ھالقىش خاراكتېرلىك ئۇتۇقلارنى قازانغانىدى.

داندېس: شۇنداق، بىراق مەن ھەرگىزمۇ دالا تەكشۈرۈشكە قارشى ئەمەسمەن. پەقەت ئۆزۈم دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىمايمەن، خالاس.

ئەن: بىز مۇبادا چوڭقۇر نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن دالا تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرسەك تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىزمۇ ـ قانداق؟

داندېس: ئەلۋەتتە، مەن سەن بۇنى قىلغاندىكىن ئۇنى قىلساڭ بولمايدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن، بىراق سىزنىڭ دالا تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئادەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىڭىزگە، نۇرغۇن ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. سىز چوقۇم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن بارلىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشىڭىز، ئۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ مۇددىئايىڭىزنى بىلدۈرۈشىڭىز، ئۇلارنىڭمۇ قېيىنچىلىقىنى چۈشىنىشىڭىز، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، پەرزەنتلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىڭىز كېرەك. بۇنىڭغا نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئەييەن مۇددەت ئىچىدە دالا تەكشۈرۈش بىلەن چوڭقۇر نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى تەڭلا ئېلىپ بېرىشمۇ ناھايىتى قىيىن. مەن، ھەر بىر فولكلورشۇناس چوقۇم دالا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك دەپ قارايمەن. بۇ فولكلور ئالىملىرى جەزمەن قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي مەشىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

www.uyghurkitap.com



مەن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن دالا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن. ئەمما ئۇلار نوقۇل دالا تەكشۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالسا بولمايدۇ. سىز ھەمىشە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنىلا تەكىتلەۋەرسىڭىز بولمايدۇ. سىز قانچىلىك جايغا بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالايسىز؟ دۇنيادا شۇنچە كۆپ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بار، بۇنىسى سىلەرگە ئايان، بىراق بەزى فولكلور ئالىملىرى پەقەت بىر ياكى بىر قانچە ئالاھىدە رايونغىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرمىگەچكە، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرەلمەيدۇ، مەدەنىيەتلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، 19 ـ ئەسىردە فولكلور ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت سېلىشتۇرما تەتقىقات بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، دالا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان. ئۇلار فولكلور بىلەن ئاۋامنىڭ مۇناسىۋىتىگە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلغان. بىراق سىزنىڭ ھازىر ئۇلارنىڭ ئەينى يىللاردا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى قايتا سادىر قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى بىزدە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئېتنوگرافىيە ئەسەرلىرى ۋە دالا تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى بار. دالا تەكشۈرگۈچىلەر دالا تەكشۈرۈش بىلەن ئانالىزنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان بىر تۈركۈم ئىلمىي ئەسەرلەر روياپقا چىقتى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە كۈچلۈك نەزەرىيە ۋە چوڭقۇرلۇق بار.

ياڭ: جۇڭگودا ھازىر نۇرغۇن ئالىملار ئانتروپولوگىيىنى كۈنسېرى گۈللىنىۋاتىدۇ، فولكلورشۇناسلىق تەدرىجىي چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قاراۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئالىملار ئانتروپولوگىيە كەلگۈسىدە فولكلورشۇناسلىقنى يۇتۇۋېتەرمۇ، دەپ ئەندىشە قىلماقتا...

داندېس: توختاپ تۇرۇڭ، بىز يەنىلا مۇشۇ تېما ئۈستىدە پاراڭلىشايلى، دەرۋەقە، نۆۋەتتە دۇنيانىڭ ئاز بولمىغان رايونلىرىدا فولكلورشۇناسلىق ئۆزىنىڭ ئىلمىي خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىۋاتىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر تۈرلۈك چوڭ ئىبارە، ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشكە ئامراق، ئۇلارنىڭ فولكلورشۇناسلىقنى مەدەنىيەت تەتقىقاتى، ئانتروپولوگىيە دەپ ئاتىۋالغۇسى كېلىدۇ. گېرمانىيىدە فولكلورشۇناسلىقنى سوتسىئولوگىيە (جەمئىيەتشۇناسلىق) دەپ ئاتىۋېلىشى ۋەھاكازالار. بۇ ئادەملەر ئۆزىنىڭ كەسپىگە ھەرگىزمۇ سادىق ئەمەس. كىشىلەرنىڭ مېنى مەيلى قانداق ئاتىشى، قانداق تەنقىد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن يەنىلا بىر ھەقىقىي فولكلور ئالىمى. مەن پەقەت فولكلور تەتقىقاتى بىلەنلا شۇغۇللىنىمەن. ئەزەلدىن ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىدىم.

ياڭ: بۇ سىزنىڭ تەتقىقاتىڭىز ئاساسلىقى ئەپسانە، رىۋايەت، ماقال ـ تەمسىل قاتارلىقلارغا مەركەزلەشكەن دېگەنلىكمۇ قانداق؟

داندېس: يەنە ھېيت ـ بايرام قاتارلىقلارمۇ بار. مەن ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ۋە ژانىرلارنى تەتقىق قىلىمەن. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈ فولكلور تەتقىقاتىغا مەنسۇپ. مەن فولكلورشۇناسلىقنىڭ ياقلىغۇچىسى بولۇشنى خالايمەنكى، ئاتالمىش مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى بولۇشنى خالىمايمەن. گەرچە مەن ئانتروپولوگىيە فاكۇلتېتىدا بولساممۇ، بىراق ئۆزۈمنى يەنىلا بىر فولكلور ئالىمى ھېسابلايمەن.

ئەن: ئۇنداقتا فولكلورشۇناسلىق، ئانتروپولوگىيە ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ قانداق پەرقى بار؟

داندېس: ئانتروپولوگىيە ئارخېئولوگىيە، ئورگانىزم ئانتروپولوگىيىسى ياكى بىئوئانتروپولوگىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ ئادەمگە ئۆزگىرىشىگىچە بولغان تەدرىجىي تەرەققىيات مۇساپىسى، تەتقىق قىلىدىغىنى ئىسكىلىت، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى، مەن بۇلارغا قىزىقمايمەن. ئىجتىمائىي ئانتروپولوگىيىگە كەلسەك، فولكلورغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاز ساندىكى تەتقىقاتچىلاردىن باشقا، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئاساسلىقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، تۇغقاندارچىلىق (قانداشلىق) مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈم مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەن بولسام بۇنى ناھايىتى مەززىسىزدەك ھېس قىلىمەن، شۇڭا ئۇنى تەتقىق قىلىشنى خالىمايمەن.

مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا كەلسەك، بۇ بىر چېچىلاڭغۇ، خالىغانچە قويۇلغان ئاتالغۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ھوقۇق ـ ئىمتىياز، يەر شارىلىشىش دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەر بولۇپ، بۇمۇ بولىدۇ ـ ئەلۋەتتە. چۈنكى كىشىلەر ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يۆنىلىشنى بويلاپ ئىش قىلىشى كېرەك. بىراق مەن ئۇلارغا سوڭدىشىشنى خالىمايمەن، مېنىڭمۇ ئۆز يۆنىلىشىم

بار، ئۇ بولسىمۇ خەلق ھېكايىلىرى، فانتازىيىلىك چۆچەكلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، قوشاق، تېپىشماق، ئويۇنلار قاتارلىقلار جەھەتتىكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت. مەن بىر فولكلور ئالىمى، نام ـ ئاتىقىمنى ئالماشتۇرغۇم يوق.

ياڭ: سىز بايا فولكلورشۇناسلىقنىڭ ئىلمىي خۇسۇسىيىتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتىڭىز، ئۇنداقتا فولكلورشۇناسلىقنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرى بار؟

داندېس: فولكلور ئىلمىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىنتايىن گۈزەل بولغان يارالمىلارغا، جۈملىدىن قوشاق، ئېپوس قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەرس ھەمىشە ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا تەسىس قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ فىلولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، فولكلور ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنى ئەدەبىيات، پەلسەپە، سەنئەت، مۇزىكا تەتقىقاتىغا ئوخشاش مەسىلىلەر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، فولكلورشۇناسلىق يەنە ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى فولكلوردا ئىپادىلەنگەن ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسى، جۈملىدىن ئاپتوبىئوگرافىك ئۇسلۇبىدىكى ئېتنوگرافىيە، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزى تەسۋىرلىگەن رەسىملىرى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇ شۇڭا ھەم فىلولوگىيە ئىلمى ھەم ئىجتىمائىي پەندۇر. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش ئوبيېكتى ئىنسانىيەت روھىنى ئەڭ نەپىس ئىپادىلەش شەكلى. نۇرغۇن ئاتالمىش يۇقىرى قاتلام مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز ساندا. ھەتتا ئاۋام مەدەنىيىتى ( Publicculture )نىڭمۇ ھاياتىي كۈچى ۋە ئۆمرى ھېچقانچە ئۇزۇن ئەمەس. 30 يىل ئىلگىرىكى بىر كوللېكتىپ ناخشا ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ. بىراق كىشىلەر لەتىپە، چۆچەك، ئۆرپ ـ ئادەت، خۇراپاتلىق، جادۇگەرلىكنى نەچچە ئون يىل ئۆتتۈپ كەتسىمۇ يەنىلا يادىدىن چىقارمايدۇ! بىز كۆڭۈل بۆلىدىغان ماتېرىياللار ھاياتىي كۈچى مول مۇھىم ئىش ۋە ھادىسىلەر بولۇپ، نۇرغۇن يۇقىرى قاتلام مەدەنىيىتى بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئالايلۇق، ئۆتمۈشتە نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار تالايلىغان ھېكايە، رومانلارنى يازغان. بىراق ئاشۇ ئىجادىيەتلەرنىڭ زادى قانچىلىكى ھازىرغا قەدەر خەلق ئۇنۇتماي كېلىۋاتقان ئۇلۇغ ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىدى؟ بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس. لېكىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ، ۋارىسلىق قىلىنىپ كېلىنمەكتە. ئۇنىڭ قىممىتى تەبىئىيكى، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. مەن شۇڭا فولكلورنى بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ناھايىتى ئەرزىيدىغان ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئەڭ نەپىس ئىپادىلىنىش شەكلى، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، يېگانە ماتېرىيال دەپ قارايمەن.

ياڭ: بۇ ئادەمنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرىدىكەن! ئۇنداقتا، سىز ھازىر قايسى جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى ئىشلەۋاتىسىز؟

داندېس: مەن ھازىر «فولكلور توغرىسىدىكى روھىي ئانالىز تەتقىقاتى» دېگەن بىر پارچە كىتابنى پۈتكۈزگىلىۋاتىمەن. ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان ماتېرىياللار توغرىسىدىكى ئوخشىمايدىغان تەتقىقات...

گاۋ: سىز يېقىندا «بەچچىۋاز» ( Bugger ) دېگەن ئىبارىنى ئانالىز قىلغان يېڭى بىر تەتقىقاتىڭىزنى تاماملاپسىز ھەمدە ئۇنىڭدا بۇ ئىبارىنىڭ ئاساسلىقى ئەنگلىيىدە تارقالغانلىقىنى، ئامېرىكىلىقلاردا بۇ سۆزنى ئىشلىتىدىغان ئەنئەنىنىڭ يوقلۇقىنى قەيت قىلىپسىز.

داندېس: شۇنداق، مەن «بەچچە» ( Bugger ) دېگەن بۇ ئىبارە توغرىسىدىكى بىر پارچە ئىلمىي ماقالىنى تېخى بايىلا تاماملىدىم. ئەنگلىيىلىكلەر «Bugger » دېگەن بۇ سۆزنى بەچچىۋازلار (جىنسداشلىرى بىلەن مۇھەببەتلەشكۈچىلەر)نى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىدۇ. ئەمما ئامېرىكىلىقلار بۇ سۆزنى ئىشلەتمەيدۇ. ھازىر ئامېرىكىلىقلارمۇ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى ئارقىلىق بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسىنى بىلدى، ئەلۋەتتە. مېنىڭ بۇ ماقالىدە شەرھلىمەكچى بولغىنىم، نېمە ئۈچۈن ئەنگلىيىلىكلەر بۇ ئىبارىنى قوللىنىدۇ. ئەمما ئامېرىكىلىقلار ئۇنى ئىشلەتمەيدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. مەن ماقالەمدە بەش مىسرالىق ھەجۋىي شېئىر (ساتىرا)نىڭ ماتېرىيالىنى ئىشلەتتىم، چۈنكى يېقىنقى يىللاردىكى ئەنگلىيە فولكلور ئالىملىرى توپلىغان مۇشۇ تۈردىكى شېئىرلاردا «بەچچە» (Bugger ) دېگەن بۇ ئىبارە تىلغا ئېلىنغانىكەن.

مەن ئۆرپ ـ ئادەت توغرىسىدىكى يېقىنقى بىر پارچە ئەسىرىمدە ئاساسلىقى ئورتودوكسال يەھۇدىي مۇخلىسلىرى ( Orthodoxjews )نىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردىم. يەھۇدىي دىنىدا نۇرغۇن مەزھەپلەر بار. ئورتودوكسال مەزھەپ ئەڭ كەسكىن (قاتتىق) مەزھەپ. ئۇلار ھەمىشە قارا رەڭلىك كىيىم كىيىدىغان

بولۇپ، ئىنتايىن كەسكىن قائىدە ـ تۈزۈملىرى بار. مەن مەزكۇر كىتابىمدا ئەنە شۇلارنىڭ تۆرلۈك ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئانالىز قىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىنىڭ كەسكىن ھالدا تەڭرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشتا بىر يۈرۈش كەسكىن قائىدە ـ تۈزۈملىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. ئالايلۇق، ئۇلار دەم ئېلىش كۈنىدە چوقۇم ئارام ئېلىشى، ھەرگىز خىزمەت قىلماسلىقى كېرەك. ئۇلاردا ھەتتا لىفتنىڭ كۇنۇپكىسىنى بارماق بىلەن بېسىشمۇ چەكلەنگەن. چۈنكى بۇنداق قىلىش ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈرگەنگە، خىزمەت قىلغانغا باراۋەركەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دەم ئېلىش كۈنىدە خىزمەت قىلسا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار كىشىلەرنىڭ لىفتنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ سېلىشىدىن ساقلىنىش، لىفتنى ھەر بىر قەۋەتتە بىر قېتىمدىن توختايدىغان قىلىش ئۈچۈن بىنالاردا ئالاھىدە بىر خىل تېخنىكىنى قوللانغان. ئۇلارغا مۇشۇ خىل مەخسۇس تېخنىكىنى كەشپ قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بىرى ئۆزىنىڭ 16 يىل ۋاقتىنى سەرپ قىپتۇ! سىز پەقەت ئادەتتىكى قائىدىگە خىلاپلىق قىلماي، لىفتنىڭ كۇنۇپكىسىنى جەينەك ياكى بۇرنىڭىزنىڭ ئۇچى بىلەن بېسىپ توختاتسىڭىزمۇ بولۇۋېرەتتى، ئەلۋەتتە. مەن بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ناھايىتى غەلىتە ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. يەنە بار، ئۇلار دەم ئېلىش كۈنىدە توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىنى بىۋاستە تارتىپ ئاچسىمۇ بولمايدىكەن. چۈنكى توڭلاتقۇنى ئاچقان ھامان ئۇنىڭ ئىچىدىكى چىراغ ياندىغان بولۇپ، بۇمۇ ئوت ئاپىتىنىڭ بېشارىتىكەن. شۇڭا، ئۇلار جۈمە كۈنى كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى توڭلاتقۇنىڭ ئىچىدىكى لامپۇچكىنى ئېلىۋېتىدىكەن. شۇنداق بولغاندا، ھەپتە ئاخىرىدا توڭلاتقۇنى ئاچقان چاغدا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى چىراغ يانمايدىكەن. مەن مەزكۇر كىتابىمدا ئاشۇ تۆرلۈك ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئانالىز قىلىپ، ئۇنى «دەۋرىي ئادەت» دەپ ئاتىدىم.

ئەن: سىز بۇ تەتقىقاتنى ئىشلىگەندە قانداق نەزەرىيە ۋە مېتودنى قوللاندىڭىز؟

داندېس: بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللاندىم! يەنى ئالدى بىلەن بۇ ھادىسىلەرنى بايان قىلدىم، ئاندىن تەھلىل يۈرگۈزدۈم. روھىي ئانالىز ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كىشىلەردە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدەندىم. مەن قوللانغان ئۇسۇل ناھايىتى ئاددىي.

ئەن: بۇنى ھەرگىزمۇ ئاددىي دېگىلى بولمايدۇ.

داندېس: مەن ئۇنى ناھايىتى ئاددىي دەپ قارايمەن. مېنىڭ بىر پارچە ئىلمىي ماقالەم «غەرب فولكلورى»دا ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىمدە 11 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قىزلاردا ئومۇملاشقان بىر خىل فولكلور سۆزلەنگەن. بۇ ياشتىكى قىزلار مەكتەپتە ۋە يىغىلىشتا ھاجەتكە چىققان چاغدا دائىم مۇنداق بىر خىل ئويۇننى ئوينايدۇ. يەنى ئۇلار چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن كەينى ـ كەينىدىن «قان ئېقىۋاتقان مارى، قان ئېقىۋاتقان مارى...» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئەينەكتە ياكى سۇ ئېقىۋاتقان ئەۋرەزداندا قان تېمىۋاتقان بىر چىراينى كۆرمەكچى بولۇشىدۇ. ئامېرىكىدىكى كىچىك قىزلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل ئويۇننى ئوينايدۇ. ئۇلار گەرچە بۇنداق قىلغان چاغدا ناھايىتى قورقۇپ تۇرسىمۇ ئەمما ھەممە قىزلار مۇشۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار يەنە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئارا كىمنىڭ ئەڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى باھالاپ چىقىدۇ. بۇ ئامېرىكىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل باللار فولكلورى. مەن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ خىل ئادەت توغرىسىدا 50 خىلدەك كۆز قاراشنىڭ بارلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «قان تېمىۋاتقان مارى» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيدۇ دېسە، بەزىلىرى يەتتە قېتىم دەيدۇ دېيىشىدۇ. بەزىلىرى ئەۋرەز قاچىسىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ، دېدى. بەزىلەر چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر ئۆچۈرمەيدۇ دېدى ۋەھاكازالار. مەن ئالدى بىلەن بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەتنى بايان قىلدىم، ئاندىن كېيىن ئۇ ھەقتە ئانالىز ئېلىپ باردىم. سىلەر مېنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىمدىن بۇ خىل ئادەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلىدىڭلارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن 11 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قىزلار ھاجەتكە چىققاندا ھەم قورقۇش ھەم ھاياجان ئىلكىدە «قان تېمىۋاتقان مارى»نى كۆرۈشكە شۇنچە تەقەززا بولىدۇ؟

ئەن: بۇ ئۇلارنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە باسقۇچقا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئۇچۇنمۇ قانداق؟

داندېس: پۈتۈنلەي توغرا. بۇ خىل ئادەت ھاجەتخانىغا، قانغا، كىچىك قىزلارنىڭ ۋەھىمىسى قاتارلىق ئىنتا-

يىن مۇرەككەپ بولغان ئامىللارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت قىزلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئادەت كۆرگەن چاغدىكى قورقۇش پسىخىكىسىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى خالاس. مەن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن: بۇ ئويۇننىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مەكتەپ ۋە يىغىلىشتا ھاجەتكە چىققان چاغدا بۇ ئويۇننى ئويناشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ بۇ ئويۇن توغرىسىدا چىقارغان يەكۇنۇمنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنى ناھايىتى توغرا دەپ قارىدى.

ئەن: بىراق ئۇلارنىڭ سىزدەۋاتقان بۇ ئويۇننى ئوينىغان چاغدىكى يېشىنىڭ، قىزلارنىڭ تۇنجى قېتىم ھەيز كۆرىدىغان چېغىدىكى يېشى بىلەن بولغان ئارىلىقى خېلىلا يىراققۇ؟

دانىدېس: شۇنداق، بىر ئاز بالدۇرلۇق قىلىدۇ. ئەمما بۇ قىزچاقلار ئاشۇ ئويۇننى ئوينىغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئاچىسى ياكى يېشى ئۆزىدىن نىسبەتەن چوڭراق قىزلاردىن ھەيز توغرىسىدا ئاللىبۇرۇن چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ بولغان بولىدۇ. بەزى قىزلار ھەتتا 11 ياشتىلا بۇ باسقۇچقا كىرىپ بولىدۇ. ئۇلار 15 ـ 16 ياشلارغا كىرىپ قالغان چاغدا بۇ ئويۇننى ھەرگىز ئوينىمايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ھادىسىنى بايان قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۇ ھەقتە ئانالىز يۈرگۈزۈش مېنىڭ بىر خىل تەتقىقات مېتودىم. بىز فولكلورنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى ئانالىز يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بايقىيالايمىز. بۇ خىل سىمۋوللۇق مەنە ئەمەلىيەتتە ئەمەلىي فولكلور پائالىيىتى ئېلىپ بارغۇچىلارغا ھەرگىزمۇ ئايدىڭ ئەمەس. فولكلورنىڭ قىممىتى بىزنىڭ ئۇ ھەقتە ئانالىز يۈرگۈزۈشىمىز ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى شەرھلىشىمىزدە.

ئەن: مەن سىزنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىڭىزدە مەلۇم بىر ژانىرنى «خۇراپاتلىق» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تۈگەللەيدىغانلىقىڭىزغا دىققەت قىلدىم. سىز بۇ ئاتالغۇنى ھەلىھەم ئىشلىتىپ كېلىۋاتامسىز؟

دانىدېس: تامامەن توغرا، سىز فولكلور توپلىغان چېغىڭىزدا بۇنداق كۆز قاراشنى ئىشلەتسىڭىز بولمايدۇ. ئۇ باشقىلارغا قىلىنغان ھاقارەت، ئەلۋەتتە! تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتىڭىزدا باشقىلاردىن پەقەت: «سىز قانداق نەرسىلەرگە ئىشىنىسىز؟ قانداق ماقال ـ تەمسىللەرنى بىلىسىز؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنىلا سورىيالايسىز. ئەمما ئانالىز يۈرگۈزگەن چېغىڭىزدا ئاشۇ ژانىرنى تۈگەللەيدىغان ئاتالغۇ «خۇراپاتلىق» دېگەن تېرمىن بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ھادىسە ھەرگىزمۇ ئېتىقاد ئەمەس. كىشىلەر ئۇنى بىلىدۇ، ئەمما ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇ پەقەت خۇراپاتلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

گاۋ: نۇرغۇن كىشىلەر ھازىر بۇ تۈردىكى فولكلورنى «خەلق ئېتىقادى» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار بىلەن تۈگەللەۋاتىدۇ. سىز نېمىشقا يەنىلا «خۇراپاتلىق» دېگەن بۇ تېرمىننى ئىشلىتىسىز؟

دانىدېس: چۈنكى ئۇ بىر ژانىرنىڭ مەخسۇس ئاتالغۇسى، بۇ مەخسۇس ئاتالغۇنىڭ ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقانلىقىغا 150 يىل بولدى. سىز ئۇنى «خەلق ئېتىقادى» دەپ ئاتىۋالغىنىڭىز بىلەن، بىراق كىشىلەر ئۇنى ھەرگىزمۇ «ئېتىقاد» دېمەيدۇ. سىز ئۇنى «خەلق دىنى» دەپ ئاتىسىڭىز، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر خىل دىنىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى ئەمەس. ئۇ ھەمىشە ناھايىتى شەخسىيلىشىپ كەتكەن قىلمىش بولۇپ چىقىدۇ. تەنتەربىيە ھەرىكىتى بولمىش بېلىق تۇتۇش، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق ساھەلەردە تالايلىغان خۇراپاتلىقلار مەۋجۇت. شۇنداق بولغانىكەن، نېمىدەپ ئۇ ھەققىدىكى ئاتالغۇنى ئالماشتۇرۇپ يۈرگۈدەكمەن؟ مەن دالا تەكشۈرگەندە خەقتىن سىزدە قانداق خۇراپاتلىقلار بار؟ دەپ سوراپ ئولتۇرمايمەن، ئەلۋەتتە. بىراق تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋاقتىمدا يەنىلا بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىمەن.

گاۋ: سىز بىزگە خۇراپاتلىقنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلەرسىزمۇ؟

دانىدېس: خۇراپاتلىق ئەنئەنىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر خىل مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىپادىلەش مۇمكىن. يەنى مۇبادا A بولسا، ئۇنداقتا Bبولىدۇ، C بولمايدۇ. A بىلەن B نىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى چاغلاردا سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت بار، بەزى چاغلاردا يوق.

ئەن: ئەمما بۇ خىل ھادىسە يەنە مەلۇم بىر خىل ئېتىقاد ئوبيېكتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، مەسىلەن:

تەبىئەتتىن ھالقىغان مەلۇم بىر خىل كۈچ -قۇدرەت دېگەندەك.

داندىس: شۇنداق، تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ -قۇدرەت، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ ئىلاھ ئەمەس.

ئەن: ئۇلارنىڭ جەزمەن ئادىمىلەشكەن ئىلاھ بولۇشى ناتايىن!

داندىس: بەزى خۇراپاتلىقلار دىن بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشقا ئىگە. ئەمما دىن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق خۇراپاتلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. ئالايلۇق، ۋىتامىن Cنى ئىستېمال قىلغاندا زۇكام بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، دېگەندەك. بۇ دىن ئەمەس، بەلكى خۇراپاتلىق. بەزى خۇراپاتلىقلارنىڭ سەۋەب -نەتىجىلىك مۇناسىۋەتكە جەزمەن ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن. بىراق ئۇ راست بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئومۇمەن، خۇراپاتلىق دىن بىلەن ئوخشاشمايدۇ. ئالايلۇق، ئوۋ ئوۋلىغاندا مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە ئۇسۇلنى ئىشلەتسە، ئوۋنى تېخىمۇ كۆپ ئوۋلىغىلى بولىدۇ؛ بېلىق تۇتقاندا مەلۇم بىر خىل ئۇسۇلنى قوللانسا، بېلىقنى تېخىمۇ كۆپ تۇتقىلى بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاش سانسىزلىغان خۇراپاتلىقلار بار، ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ دىن ئەمەس.

ئەن: نۇرغۇن ئالىملار، بىز ئىمكانقەدەر مۆتىدىلرەك ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ تەتقىقات ئوبيېكتىمىزنى تۈگەللەپ، تەتقىقاتتا ئالدىنقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى قايتا سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك، دەپ قارايدىكەن.

داندىس: بەلكىم، بىراق سىز مەلۇم بىر ئاتالغۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن بىئارامىلىق ھېس قىلسىڭىز، ئۇنى ئىشلەتمەي ئورنىغا باشقا بىر ئاتالغۇنى ئىشلەتسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس. بەزى فولكلور ئالىملىرى ھەمىشە مەلۇم بىر خىل ژانىرنى قانداق ئاتاش خۇسۇسىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن باش قاتۇرۇپ ئويلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق. ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ماتېرىيالنى قانداق تەتقىق قىلىشتا.

ئىزاھات:

①فولكلور—ئامېرىكا فولكلور ساھەسىدە ( Folklore ) دېگەن بۇ سۆز تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكتنى، شۇنداقلا يەنە ئوبيېكتنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ۋە فولكلورشۇناسلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان چاغدا، ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغىنى ئاساسلىقى بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ھېيت - بايرام، مۇراسىم قاتارلىق فولكلور ژانىرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

② سىكرىنك— قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى دېگەن مەنىدە -ت

③ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 1994 - يىللىرى جېي ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىمىزگە كېلىپ ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئامېرىكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئامېرىكىنىڭ ئالان. دانتېس باشچىلىقىدىكى فولكلور تەتقىقات مېتودى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە توختالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ نەۋقىران يىگىت ئىدى. ئۇ ئامېرىكىدىن بىۋاستە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فولكلور كافېدراسىغا جۇڭگو فولكلورىنى ئۆگىنىشكە كەلگەن بولۇپ، ئېلىمىزدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا ئالىلىقاچان ئىككى يىل بولغاچقا، خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەيتتى. بىز شۇ قېتىمقى جەمئىيىتىمىز ئۇيۇشتۇرغان سۆھبەتتە بۇ ياش دوكتۇر ئاسپىرانتتىن نۇرغۇن يېڭى ئۇچۇرلانى ئىگىلىگەنىدۇق. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ جېي جەمئىيىتىمىزگە ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى بەزىبىر ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئۈچۈن يەنە كەلدى. بۇ نۆۋەت ئۇ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا توغرىسى غۇلجا شىۋىسىدە سۇدەك سۆزلەپ بىزنى ھەيران قالدۇرى. ئۇ سۆھبەت ئارلىقىدا يەنە پات - پات چاقچاق قىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىن غۇلجا ھىدى كېلەتتى ئەلۋاتتە. كېيىن بىلسەك، ئۇ غۇلجىدا ئىككى يىل تۇرۇپتۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، قوپۇپ تىل ئۆگىنىپتۇ ھەم ئۆرۈپ - ئادەت تەتقىقاتى بىلەن شوغۇللىنىپتۇ. تېخى بىزنىڭ ئۇدۇملىرىمىزنى بىزگە ئەسلىتىپ ئۆتتى. ھازىرقى پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى، دوكتۇر جېي ئەپەندىنىڭ ئىككى يىل ئىچىدىلا ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلىشى بىزنى تاڭ قالدۇرۇش بىلەن بىرگە بىزدە ئۇنىڭ تىرىشچان روھىغا قايىل بولۇش، ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغىدى. پەقىر جېي ئەپەندى بىلەن بىر نەچچە مەرتە ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدا سوقا - سۆھبەتتە بولغان ئىدىم. 1996 - يىلدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. يېقىندا مەزكۇر ماقالىدىن ئۇنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ھەمدە ئۇنى تەھرىر بۆلۈمدە ئەسلەپ ئۆتتۇق. بىز مەشھۇر فولكلورشۇناس ئالان دانتېس ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ تىرىشچان شاگىرتى جېي ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىگە خوشاللىق، بەرىكەت، تىنچلىق ئامانلىق تىلەيمىز

—مۇھەررىردىن

ئۇشبۇ زىيارەت خاتىرىسى خەنزۇچە «فولكلور تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ 2003 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد





# بۈيۈك چىڭ پادىشاھلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن نەسلى قۇرۇپ كەتكەن

پادىشاھ گۇاڭشۇ خاندىن پەرزەنت بولمىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن پادىشاھ تۇڭجى خاندىنمۇ پەرزەنت بولمىغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى شۈەنتۇڭ خاندىنمۇ نەسىل قالمىدى.

گۇاڭشۇ خاننىڭ ئالدىدىكى پادىشاھ تۇڭجى (زەيچۇن) 19 يېشىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن بىرەرمۇ پەرزەنت قالمىدى. پادىشاھ ئۆلگەندە: «خانىش ئالوتىشنىڭ قورسىقىدا باركەن» دېگەن گەپلەر بولغان. ئەمما، بۇ غەيرىي رەسمىي ماتېرىياللاردىكىلا سۆز بولۇپ، ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق بىر نەرسە ئۇچرىمايدۇ. چىڭ دەۋرىدىكى پادىشاھ ۋە شاھزادىلەرنىڭ كۆپىنچىسى رەسمىي نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىلا جىنسىي تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بولاتتى. ئۇلارنىڭ تويلاشماي تۇرۇپلا پەرزەنتلىك بولۇشۇپ بولىدىغانلىقلىرى توغرىسىدىمۇ خېلى مىساللار ئۇچرايدۇ. پادىشاھ تۇڭجى تۇڭجىنىڭ 11 - يىلى 9 - ئايدا (1872 - يىلى 10 - ئاي) كاتتا توي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۆيلەنگەن، تۇڭجىنىڭ 13 - يىلى 12 - ئايدا (1875 - يىلى 1 - ئاي) ئۆلدى. توي كۈنىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ خان ھەرىمىدىكى خانىشلار بىلەن بىللە تۇرغان ۋاقتى ئىككى يىل ئۈچ ئاي بولۇپ، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدىن بىرەرمۇ پەرزەنتنىڭ قالماسلىقى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ.

پادىشاھ گۇاڭشۇ 38 يېشىدا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىنمۇ ھېچبىر ئەۋلاد قالمىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە بىر ئەھۋالدا گۇاڭشۇ خاننىڭ رەسمىي تويلاشقان بىر چوڭ خانىشى ۋە ئىككى توقال خانىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ

ئەتراپىنى يەنە نۇرغۇنلىغان ئوردا كېنىزەكلىرى ئەگىشىپ يۈرەتتى. ئۇ گۇاڭشۇنىڭ 14 ـ يىلى 10 ـ ئايدا (1888 ـ يىلى 11 ـ ئاي) توي قىلغان، گۇاڭشۇنىڭ 24 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يىڭتەيگە نەزەربەنت قىلىندى. بۇ ئارىلىقتىكى ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن قورچاق پادىشاھقا ئايلىنىپ قېلىپ، گەرچە سىياسىي جەھەتتىن پۇت ـ قولىنى كەڭ ـ كۇشادە سوزالمىغان بولسىمۇ، جىنسىي تۇرمۇش تەرىپىدىن ئۇنىڭغا يەنىلا كەڭ ئىمكانىيەت قالدۇرۇلغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئامراق خانىشى چېنفېي بىلەن بولغان ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشى لەززەتلىك ئۆتكەن.

پادىشاھ گۇاڭشۇ يىڭتەيگە نەزەربەنت قىلىنغاندا خانىش يىخۇنالاشى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانىدى. گۇاڭشۇ خەنيۈەندىيەن قەسرىدە، خانىش ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى يىشياڭدىيەن قەسرىدە تۇرغان. يىخۇنالاشى ئارقا ئوردىدا نەچچە ئون يىل تۇرغاندا، پادىشاھ گۇاڭشۇ ئۇنىڭغا پەقەتلا قىزىقمىغانىدى. ئەمما، بۇ چوڭ خانىشقا پادىشاھنىڭ پېشىنى پەقەتلا تەگمىگەن دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. تارىخچىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ئوردىنىڭ ھەرەم خاتىرىلىرىدە گۇاڭشۇ بىلەن چوڭ خانىش ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي تۇرمۇش ئاز خاتىرىلەنگەن ئىكەن. «ئاز خاتىرىلەندى» دېگەن گەپ مۇنداق ئىش پەقەت بولمىغان، دېگەن گەپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھېچبولمىغاندا بۇ پادىشاھ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېسىمى بىلەن بولسىمۇ چوڭ خانىش بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ يۈرگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، چوڭ خانىش شۇنىڭدىمۇ پادىشاھتىن پەرزەنت يۈزى كۆرمەي ھەسرەتتە قالغان.

گۇاڭشۇ خان ۋە ئۇنىڭ خانىشلىرى، جۈملىدىن سىشتەيخۇمۇ پادىشاھ گۇاڭشۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇشىنى، ھېچبولمىغاندا قىز پەرزەنت يۈزىنى بولسىمۇ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىشقانىدى. ئاخىرىدا ھەممىسىنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى.

ئەيشىنجۆلۈ خان جەمەتىنى داغدا قويىدىغان ئەھۋال ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ كەلگىلى تۇردى. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، پادىشاھ گۇاڭشۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولغان شۈەنتۇڭ خان (فۇيى) 61 ياش ئۆمۈر كۆرۈپ ئۇمۇ پەرزەنتلىك بولالمىدى.

پادىشاھ تۇڭجى ـ گۇاڭشۇ ـ شۈەنتۇڭ، بۇ ئۈچ پادىشاھنىڭ ھېچقايسىسىدىن نەسل قالمىدى. كىشىلەر ئىختىيارسىز ئەيشىنجۆلۈ خان جەمەتىگە نېمە بولدى؟ بۈيۈك چىڭ خاندانلىقى زادى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ دەپ سوئال قويماي تۇرالمايدۇ.

بۇ توغرىسىدىكى تارىخىي كىتابلار، تەرجىمھال ماتېرىياللىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىمۇ ھېچقانداق تەتقىقات نەتىجىسى كۆرۈلمەيدۇ. بۇ ئۈچ پادىشاھنىڭ نېمە ئۈچۈن پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ بولمىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىش چىڭ خاندانلىقىنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، مۇنداق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماق قىيىن. مۇھىمى، بۇ پادىشاھلار ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۆز زامانىسىدىكى ئوردا تېۋىپلىرى بۇ ئىش ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. مۇناسىۋەتلىك تېببىي ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇرمىغان. شۇڭا، نېمە ئۈچۈن چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۈچ پادىشاھنىڭ ھەممىسى پەرزەنتلىك بولالمىغان، دېگەن مەسىلە بىر گۇمانلىق تۇمان قالدۇرۇپ كەتكەنۇ ئەمما، تارىخنامىلارغا بۇ ھەقتە ھېچنېمە يېزىلمىغان.

ھازىرقى تېببىي ئىلىم نۇقتىسىدىن بۇ مەسىلىنى كۆزەتكەندە بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ پادىشاھنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىكىنى مانجۇ خان جەمەتىنىڭ نىكاھلىنىش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ.

مانجۇ خان جەمەتىنىڭ نىكاھلىنىش ئادىتىدە ئېرى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئايالىنى ئېرىنىڭ ئىنىسىگە، ھەتتا ئېرىنىڭ ئوغلى، جىيەنلىرىگىمۇ ئېلىپ بېرىشكە بولاتتى. مۇنداق ئىپتىدائىي نىكاھ ئادىتىدە ئايال كىشى خۇسۇسىي مۈلۈك ياكى جۈپلىشىش سايمىنى دەپلا قارىلاتتى. چىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چوڭ بوۋىسى نۇرخاچ ئۆلۈش ئالدىدا: مېنىڭ بارلىق گۆدەك باللىرىم ۋە دافۇجىننى دائاگىنىڭ بېقىۋېلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىلغان. «دافۇجىن» دېگىنى، نۇرخاچىنىڭ چوڭ خوتۇنى، «دائاگ» بولسا نۇرخاچىنىڭ چوڭ ئوغلى دەيشەن بولىدۇ. بەزىلەر نۇرخاچ ئېيتقان «بېقىۋېلىش» ئەمەلىيەتتە «مەن

2005.1



ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ ئايالىم ئوغلۇم دەيشەننىڭ ئىگە-دارچىلىقىغا ئۆتىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ...

بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى خۇاڭتەيجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى پادىشاھ شۇنجىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى تىپىك يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىش ياكى قالايمىقان ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىن باشقا نېمە ئەمەس ئىدى. جورجىتلار (مانجۇلارنىڭ ئەسلىي ئەجدادى) نىڭ يېتەكچىسى نۇرخاچ جورجىتلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىرىم موڭغۇللىرىنىڭ بەيسسى ملڭ ئەننىڭ قىزىنى خانىشلىققا ئېلىپ، موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن قۇدىلىشىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنىڭ ھەممىسى موڭغۇل قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 8 - ئوغلى خۇاڭتەيجى كۆچلۈك ملڭ خاندانلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن موڭغۇللار بىلەن مانجۇلارنىڭ قۇدىلىشىشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈردى. خۇڭتەيجى دۆلەت نامىنى «بۈيۈك چىڭ»غا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، بەش ئورددىكى نام بېرىلگەن خانىشلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇل بورجىجىن جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۈزەل ئۈچ خانىش تۇغقانچىلىق جەھەتتىن بىر - بىردىگە جىيەن كېلەتتى... بەزىلەرنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە خۇاڭتەيجى تەختتىكى چېغىدا، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پەقەت موڭغۇل كىرىم قەبىلىسى بىلەن بولغان قۇدىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزىلا 18 قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەنىكەن. خۇاڭتەيجىنىڭ ئوغلى پادىشاھ شۇنجىمۇ ئاتىسىغا ئوخشاشلا يېقىن تۇغقانلار بىلەن تويلىشىپ، قالايمىقان ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن ئىدى...

كۆچلۈك موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جىن دۆلىتىنىڭ خانلىرى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاھ، كىنەز، بەيسى قاتارلىق ئاقسۆڭەكلىرى موڭغۇل قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپلا قالماي، يەنە ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنىمۇ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە بەرگەن. بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاھى خۇاڭتەيجى ئۆزىنىڭ چوڭ قىزى، تۆتىنچى قىزى قاتارلىق 11 - 12 ياشلاردىكى بىر نەچچە قىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ خانلىرىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىگە بەرگەنىدى... چىڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىنمۇ شىمال تەرەپ بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇنداق قۇدىلىشىش ئەينى ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتى يۈرگۈزىدىغان ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق قۇدىلىشىش ئىچىدە يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىش، قالايمىقان ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئىشلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى.

چىڭ دائىرىلىرى سەددىچىندىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىش ۋە قالايمىقان نىكاھ ئىشلىرىغا ئاستا - ئاستا چەك قويدى. كاڭشى دەۋرىدە ئوردىغا ساھىبجامالالارنى تاللىغاندا، ساھىبجامالالار ئىچىدىكى جەمەتى خان جەمەتىگە يېقىنلار ياكى ئانا جەمەتى تەرەپتىن ئەيشىنجۆلو جەمەتىگە تەۋە قىزلار ئۆزلىرىنى ئالدىن مەلۇم قىلىپ قويۇشى كېرەك، دېگەن بەلگىلىمە چىقىرىلدى. جياچىڭ دەۋرىدە ساھىبجامالالارنى تاللىغاندا چوڭ خانىش، توقال خانىشلارغا ھەدە - سىڭىل كېلىدىغانلار تاللانمىسۇن، دېگەن بەلگىلىمە بېكىتىلدى. لېكىن، بەلگىلىمە دېگەن بەلگىلىمە

بويىچىلا قىلىپ، ئەمەلىيەتتە يېقىن تۇغقانلار ئارا قۇدىلىشىش، قالايمىقان نىكاھلىنىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋەردى. پادىشاھ شۇنجى 1 ـ دەرىجىلىك نەۋكەر تولۇ گوۋيىنىڭ ھەدىسى تولۇ جياشىنى خوتۇنلۇققا ئالغان. تولۇ جياشىدىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغۇل كاڭشى پادىشاھ ئىدى. كېيىن كاڭشى خان تولۇ گوۋيىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئۇ بولسىمۇ شياۋيىرىن مەلىكە ئىدى. پادىشاھ كاڭشى شياۋيىرىن مەلىكىنىڭ يەنە بىر سىڭلىسىنىمۇ خوتۇنلۇققا ئالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا كاڭشى بىر ئاتىدىن بولغان ئىككى ھەدە ـ سىڭىلنى خوتۇن قىلغان. تولۇ گوۋيى كاڭشى خاننىڭ ھەم تاغىسى ھەم قېيناتىسى بولۇپ قالغان. چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە گۇاڭشۈخانمۇ ئىلگىرىكى نەۋكەر چاڭ شۇنىڭ ئىككى قىزىنى تەڭلا خوتۇنلۇققا ئالغان، مۇنداق ئىشلار ئاز ئەمەس ئىدى.

جورجىتلار دەسلەپتە باش كۆتۈرۈپ چىققاندا 30 مىڭچىلا ئادەم ئىدى، موڭغۇللار بولسا 400 مىڭ ئاتلىق قىسىمغا يېتەتتى. ئاجىز مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مانجۇ، موڭغۇل قۇدىلىشىش يولىنى تاللىۋېلىشى ئاقىلانە تەدبىر ئىدى. جىن دۆلىتىنىڭ خانلىرىدىن تارتىپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاھ، كىنەز، بەيسى قاتارلىق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەممىسى موڭغۇل قىزلىرىغا ئۆيلەندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنىمۇ موڭغۇل خانلىرى، شاھزادە، بەگزادىلىرىگە خوتۇنلۇققا بەردى. بۇنىڭ بىلەن، ئېغىر ھالدا يېقىن تۇغقانلار ئارا تويلىشىش، قالايمىقان نىكاھلىنىش ئەھۋاللىرى يۈز بەردى؛ مۇنداق قايچا قۇدىلىشىش تۇغقاننىڭ ئۈستىگە تۇغقاننى بېرىش ئىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزى جىيەنلەر ئوخشاش بىر ئادەمگە ياتلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. مانجۇ ـ موڭغۇللارنىڭ قۇدىلىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈشى مىڭ سۇلالىسىنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرۈپ، مانجۇلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىلىپ ئورۇنلىشىشتەك پارلاق غەلىبىگە يەتكۈزدى. شۇنداقلا يېقىن تۇغقانلار ئارا قۇدىلىشىش ۋە قالايمىقان ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت مانجۇ خان جەمەتىنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالدى.

چىڭ دەۋرىدىكى پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئاخىرىغا بارغانسېرى ئۇلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ، تاپقان بالىلىرىنىڭ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

چىڭ دۆلىتىنى دەسلەپتە قۇرغان پادىشاھ خۇاڭتەيجى (چوڭدى) 51 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. رەسمىي نام بېكىتىلگەن خانىشلىرى 15 بولۇپ، ئۇلاردىن 11 ئوغۇل، 14 قىز تۇغۇلغان، 11 ئوغۇل ئىچىدە 16 ياشتىن ھالقىپ چوڭ بولغانلىرى يەتتە نەپەر، قالغان تۆت ئوغۇل كىچىكلا ئۆلۈپ كەتكەن. 14 قىزنىڭ 13 نەپىرى 16 ياشتىن ئاشقان، بىرى 15 يېشىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاقىتسىز قازا بولۇش نىسبىتى % 20.

ئىككىنچى پادىشاھ شۇنجى (فۇلىن) چېچەك چىقىپ، 24 ياشقا تولۇشقا يەنە بىر ئاي قالغاندا ئۆلۈپ كەتكەن. ياش ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەسمىي نىكاھلاپ ئالغان خانىشلىرى 18 گە يېتەتتى. ئۇلاردىن سەككىز ئوغۇل، ئالتە قىز پەرزەنت كۆرگەنىدى. يېقىن تۇغقانلار ئارا قۇدىلىشىش ۋە قالايمىقان نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى سەۋەبىدىن تۆت ئوغلى كىچىكلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئالتە قىزنىڭ ئىچىدە 16 ياشتىن ئاشالىغىنى تۆت نەپەر بولۇپ، پەقەت بىرلا قىزى ياتلىق بولالىغان، قالغانلىرى ياتلىق بولماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن، پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاقىتسىز قازا بولۇش نىسبىتى % 43.

ئۈچىنچى پادىشاھ كاڭشى (شۈەنيې) 68 ياشقىچە ئۆمۈر سۈرگەن. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا: خانىش، كېنىزەك، توقاللىرى 55 كە يېتەتتىكەن. ئۇلاردىن 35 ئوغۇل، 20 قىز پەرزەنت كۆرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ بولۇپ، ئورۇن ـ ئاتاققا ئېرىشكەن ئوغۇللىرى 12 نەپەر، 16 ياشتىن ئاشقان قىزلىرى سەككىز نەپەر بولۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاقىتسىز قازا بولۇش نىسبىتى % 51.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە پادىشاھلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بەك ئاجىز دەپمۇ كەتكىلى بولمايتتى. تۆتىنچى پادىشاھ يۇڭجىڭ (يىنجىن) 56 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. چىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا ئۇ يەتتە خانىشقا ئۆيلىنىپ، ئون ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنت كۆرگەن. بەشىنچى پادىشاھ چيەنلۇڭ (خوڭلى) 87 يىل ياشىغان. رەسمىي رويخەتكە ئېلىنغان خانىش، توقال خانىش، كېنىزەكلىرى 31 نەپەر بولۇپ، ئۇلاردىن 17 ئوغۇل، ئون قىز پەرزەنت كۆرگەن. ئالتىنچى

پادىشاھ جياچىڭ (يۇڭيەن) 59 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. خانىش، توقال، كېنىزەكلىرى 14 نەپەر بولسىمۇ، پەقەت بەش ئوغۇل، توققۇز قىز پەرزەنتلا كۆرگەن. چوڭ ئوغلى پەقەت ئۈچ ئايلا ئۆمۈر كۆرۈپ، تېخى ئىسمىمۇ قويۇلماي ئالەمدىن كەتكەن. يەتتە قىزى بالاغەتكە يەتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن. تالالىق بولغان 3، 4قىزلىرىنىڭمۇ ئۆمرى ناھايىتى كوتا بولۇپ، 31 ياش ۋە 28 ياشلاردا ئۆلۈپ كەتكەن، پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاقىتسىز قازا بولۇش نىسبىتى 57%.

يەتتىنچى پادىشاھ داۋگۇاڭ (مىننىڭ) 67 يىل ياشىغان. رەسمىي رويخەتكە ئېلىنغان خانىشلىرى 20 نەپەر بولۇپ، توققۇز ئوغۇل، ئون قىز يۈزى كۆرگەن. 2، 3ئوغۇللىرى بوۋاق چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئون قىزى ئىچىدە پەقەت بەش قىزى بويىغا يېتىپ چوڭ بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بىرى پەقەت 34 ياشلا ياشىيالىغان، قالغان تۆت نەپىرى 20 ياشتىن ھالقىپلا ئارقا _ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 37%. ئەمما، بۇ چاغدا تېببىي داۋالىنىش شارائىتى خۇاڭتەيجى زامانىسىغا قارىغاندا كۆپ ياخشىلانغانىدى. خۇاڭتەيجى دائىم خوتۇن _ بالىلىرىنى ئېلىپ يۈرۈش قىلىپ، قانلىق جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، تۇغۇت، ساقلىقنى ساقلاش شارائىتلىرىنىڭ ياخشى بولۇشىدىن ئېغىز ئاچماق تۈگۈل، بەزىدە جانىنى ساقلاپ قالالماقمۇ تەسكە توختايتتى. داۋگۇاڭ بولسا ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىن نېرى تۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن پادىشاھ. ئۇنىڭ خانىشلىرىنىڭ تۇغۇت، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى، بالىلىرىنىڭ داۋالىنىش شارائىتلىرى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ھېسابلىناتتى. لېكىن خۇاڭتەيجىگە قارىغاندا داۋگۇاڭنىڭ كۆرگەن پەرزەنتلىرى ئاز، پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى يۇقىرى بولدى.

سەككىزىنچى پادىشاھ شيەنفىڭ (يىنىڭ) نامدىكى خانىشلىرى 19 بولۇپ، پەقەت ئىككى ئوغۇل، بىر قىزلا پەرزەنت كۆرگەن. چوڭ ئوغلى تۇغۇلۇپ ئىسىم قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۆلۈپ كەتكەن. قىزى پەقەت 20 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرەلىگەن، ھايات قالغان بىردىنبىر ئوغلى كېيىنكى پادىشاھ تۇڭجى بولغان.

شيەنفىڭنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنى يەنە بەك يامان دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن تۇڭجى (زەيچۈن)، گۇاڭشۈ (زەيتيەن)، شۈەنتۇڭ (فۇيى) قاتارلىق ئارقا _ ئارقىدىن تەختكە ئولتۇرغان بۇ ئۈچ پادىشاھ پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى. ئەيشىنجۆلو خان جەمەتىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى خۇددى ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ھەربىي جاسارىتىگە ئوخشاشلا ئۇزۇل _ كېسىل بەربات بولدى.

پادىشاھ گۇاڭشۈنىلا ئېلىپ ئېيتساق، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ بىر قورچاق پادىشاھقا ئايلىنىپ، سىياسىي مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان، نىكاھ ئىشلىرىدا ئىنتايىن بەختسىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆمرىدە بىرەر كۈنمۇ تۈزۈك راھەتلەنمىگەن. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇق _ ئەۋلادى يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىپ، قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەنلىك سەۋەبىدىن سالامەتلىكى بەكمۇ ناچار ئىدى. ئىرسىيەتتىن قېپقالغان ئېھتىلام بولۇش، باش ئاغرىش، سىل، ئۇمۇرتقىلىرى سىرقىراش دېگەندەك خىلمۇخىل كېسەللەر چىرمىۋالغانىدى. بولۇپمۇ ئۇزاق يىل داۋاملاشقان ئېھتىلام بولۇش كېسىلى ئۇنىڭ نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالغان.

فېئوداللىق جەمئىيەتتە پادىشاھلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرالماسلىقى يالغۇز پادىشاھ جەمەتىنىڭلا بەختسىزلىكى بولۇپ قالماي، پۈتۈن دۆلەتنىڭ بەختسىزلىكى ھېسابلىنىدۇ. ھەر دائىم مۇشۇ سەۋەبتىن سىياسىي بالا _ قازالار كېلىپ چىقىدۇ. زەيىي، دۇڭفۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەل مۇشۇ گۇاڭشۈ خاننىڭ پەرزەنتى بولماسلىقتەك يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، سىشتەيخۇ بىلەن بىرلىشىپ فۇيىنى تىكلەپ، گۇاڭشۈنىڭ خانلىق ئورنىنى بىكار قىلىپ، بىر تالاي سىياسىي ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۈچ ئەۋلاد پادىشاھنىڭ ئارقا _ ئارقىدىن ئەۋلاد قالدۇرالماسلىقى بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. بۇ نەس باسقان تەقدىر شۆھرىتى دۇنياغا پۇر بولغان فېئوداللىق سۇلالىنى ئاخىر زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى.

2003 _ يىل 12 _ سان «كىتابلاردىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن تەرجىمە قىلىندى.

مەتتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت





# ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت*

نوشىرۋان يائۇشېۋ (روسىيە)



نۇسرەت تۇردى

ئابلىز ئورخۇن

**كىمكىم ئۇنۇتماس ئۆتمۇش ئەلەمنى،**
**كەلگۈسىگە قويار توغرا قەدەمنى.**

ئا. ئۆتكۈر

تارىخ ھەرگىزمۇ ئاددىي يوسۇندىكى ۋاقىت ئۇقۇمى-
دىنلا دېرەك بەرمەيدۇ؛ شۇنداقلا ئۇنى چۈشىنىشمۇ ئۆت-
كەن ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.
ئەمەلىيەتتە، ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم
قىلغان بولىدۇ. ئۆتمۈشتىن خىلمۇخىل ۋاستىلارغا تايى-
نىپ كەلگەن ئۇچۇرلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل پارا-
سىتى، قايغۇ - ئەلەملىرى، شان - شەرەپلىرى، ئار - نو-
مۇسلىرى ... بەزىدە روشەن، بەزىدە خىرە جىلۋىلىنىپ
تۇرىدۇ. بىز ئەنە شۇ نەرسىلەردىن بۈگۈنىمىزنى، بۈگۈن-
كى ھېس - تۇيغۇلىرىمىزنى، كۆلكىلىرىمىز ۋە يىغلىرى-
مىزنى ھەققىي ئەقىل كۆزىدىن بىلىشكە مۇۋەپپەق بولا-
لايمىز. ئېھتىمال، بۇ تارىخ ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم قىممەتلى-
رىدىن بولسا كېرەك.

بىز ئۇزاقتىن بۇيان ئادەتلىنىپ كەتكەن مۇشۇ ئەسىر
سۆزى بىلەن ئاتاپ كەلگەن 20 - ئەسىر ھەش - پەش
دېگۈچە ئۆتكەن ئەسىرگە، توغرىسىنى ئېيتقاندا، تارىخقا
ئايلىنىپ كەتتى. ئەمما، 20 - ئەسىر قالدۇرۇپ كەتكەن
نەرسىلەر، ئاشۇ ئەسلىمىلەر، مەيلى ئۇلار بىزنى خۇشال
قىلسۇن ياكى يىغلاتسۇن، يەنىلا روھىمىزنى مەھكەم ئو-
راپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى، 20 - ئەسىر بىزنىڭ بىر مىللەت
بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرەققىيات، گۈللىنىش ئۈچۈن
قىلغان خىلمۇخىل تىرىشچانلىقلىرىمىز، ئۇرۇنۇشلىرىمىز
بىلەن تارىخىمىزدا ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدىغان بىر ئە-
سىردۇر. شۇڭا، مۇشۇ ئۆتكەن بىر ئەسىر توغرىلىق سال-
ماقلىق ۋە سوغۇق قانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆ-
رۈش، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش تولىمۇ زۆرۈر بولسا كې-
رەك.

* ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

دەل شۇ ۋەجىدىن بىز نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى (1914 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە) شىنجاڭدا قىلغان ساياھىتىگە ئاساسەن يېزىلغان خاتىرىلىرىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرىمىز. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇرلار بىلەن تىل جەھەتتىن يېقىن زىيالىي بولغاچقا يەرلىك خەلقتىن ئۇچۇر ئىگىلىشى ناھايىتى ئاسانغا چۈشكەن ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا سىڭىپ كىرەلىگەچكە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ئىشەنچلىك، قىممەتلىك ماتېرىيال دەپ قاراشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ باشقا سەيياھلارغا ھەممىدىن ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى شۇكى، ئۇ يېڭىچە مائارىپ قارىشى بىلەن قوراللانغان ھەمدە ئۇيغۇرلاردا بۇ ئىدىيىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشنى ئۆز بۇرچى دەپ قارىغان تاتار زىيالىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى دەۋر ئۇيغۇرلىرىنى روھىي جەھەتتىن كۆزىتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ھەتتا مەكتەپ ئېچىپ بالا تەربىيىلەشكە ئوخشاش ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، تۈرلۈك ئىدىيىۋى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنى بىۋاستە ھېس قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئىدى.

ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋەيرانلىق، ئىجتىمائىي ئاڭ جەھەتتىكى زەئىپلىك، ئېتىقاتتىكى خۇراپىيلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. گەرچە بىز بۇلارنى ئۇنىڭ بايانلىرىدا نەق مۇشۇ ئۇقۇملار بىلەن ئۇچرىشالمىساقمۇ، ئەمما تەپسىلاتلاردىن ھامان ھېس قىلىپ تۇرىمىز. توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان كوچىلار، ۋەيرانە ئىمارەتلەر، جۇل ـ جۇل كىيىملەر، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا بېرىلگەن كۈلكىلىك جاۋابلار ۋە ئۇنىڭغا قويۇلغان سوئاللار، ئوينالغان پېرە ئۇسۇللىرى، قىمازارلار، پاھىشىلەر... ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايانلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى بەلگىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ. گەرچە بىز بۇ بايانلارنى ھېسسىيات جەھەتتىن قوبۇل قىلىشنى بەك خالىمىساقمۇ، ئەمما باشقا سەيياھلارنىڭ بەك تەپسىلىي بولمىسىمۇ قىلغان بايانلىرىدىن ئۇنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. نوشىرۋان يائۇشېف كۆرگەندىكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان رېئاللىقىمىزمۇ بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تارىخنى ئۆزگەرتىشكە ياكى ئۇنى رەت قىلىشقا ئامالسىزمىز.

گەرچە بىز نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ بايانلىرىغا ئارتۇقچە مەنە بېغىشلاشنى ياكى قاراشلىرىغا ئۆزىمىزنىڭ تەبىرىنى مەجبۇرىي تېڭىشنى خالىمىساقمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ بايانلىرى بىزنى نۇرغۇن نەرسىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا دالالەت قىلىدۇ. ئۇ قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بارلىق يېڭىچە مائارىپچىلارغا ئوخشاش مائارىپ يولىدىن، يېڭىچە مائارىپ تەربىيىسى ئارقىلىق ئۆزگەرتىشتىن باشلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە «سىزلەرگە ئوخشاش يېڭىچە مائارىپ ئۇسۇلى ھارام دەپ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتمەي، قەدىمكى ئۇسۇللىرىدا تۇرغان ئادەملەر مەڭگۈ قۇللۇق، ئاسارەت، سېتىلىشتىن خالاس بولالماي، خارلىق، زەبۇنلۇقتا كۈن كۆچۈرۈپ قېلىۋېرىدۇ»دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قۇللۇق —روھىي قۇللۇقتىن باشلىنىدۇ. ئەقلىيلىكنىڭ بولماسلىقى ياكى ئەقلىيلىكنى رەت قىلىدىغان ئېتىقاد خۇراپىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەقلىيلىك ھۆرمەت قىلىنمىغان جايدا ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، خۇراپىيلىق، بىر تەرەپلىمە قاراش بىر جەمئىيەتتە ئومۇمىي پىكىر ئېقىمىغا ئايلانغىنىدا، ئۇ شۇنداق بىر كۈچ ھاسىل قىلىدۇكى، ئۇ ھەربىر شەخسنىڭ تەپەككۇرىنى بوغىدۇ؛ يېڭىلىق يارىتىش ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىش غەيرىتىنى سۇندۇرىدۇ. پەقەت ئەقلىيلىك بىلەن ئېتىقاد بىرلەشكەن چاغدىلا ياكى ئېتىقاد ئەقلىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان چاغدىلا خۇراپىيلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا، نوشىرۋان يائۇشېف ئۇيغۇرلارنى يېڭىچە مائارىپقا ئۈندەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ، يېڭىچە مائارىپ ياشلارنى مىللىيەت روھىدا تەربىيىلەپ چىن ۋە ھەقىقىي ئىنسان قىلىدىغان يېڭى ئۇسۇلدۇر، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئەقلىيلىك، ئىنساندىكى بىلىشكە ئىنتىلىش ئىستىكىنىڭ نەتىجىسى بولغاچ، ئالدى بىلەن تەربىيىدىن، بىلىم ئېلىشتىن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئەقلىيلىك مەشقلەندۈرۈلىدىغان مائارىپتىن باشلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرنى تونۇشتا، بىر نەرسىگە ئىشىنىشىدە نوپۇز ئەمەس، ئىسپات تەلەپ قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئەقلىيلىك ئەڭ ئاخىرىدا كىشىلەرنى تەپەككۇر جەھەتتىكى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپ، ئىجادقا، يېڭىلىققا باشلايدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف ئۆز بايانلىرىنى يازغىنىدا بىزنىڭ ھازىرقى كۈندىمۇ تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدىغان، ئېتىراپ

قىلىشنى خالىمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ يەتكەن. بىراق، ئۇنىڭ بايانلىرى بىزنى مانا مۇشۇنداق ئويلاشقا چاقىرىق قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ.

20 ـ ئەسىر بىزدە يېڭى ئالغ، يېڭى قاراش ئويغانغان بىر ئەسىر. بىزنىڭ ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز خۇددى نوشىرۋان ياۋۇشېف ئويلىغىنىدەك يېڭىچە مائارىپچىلىق دولقۇنىدىن باشلاندى. قېتىپ قالغان، خۇراپىيلىقنىڭ تەقىبى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان تەپەككۇر ئويغىنىشقا، «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ ئويلىنىشقا باشلىدى. قارىماققا بۇ ئۆزگىرىش تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىدىيە تارىخىمىزدا كەلگۈسىدە تۇتىدىغان ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىدە ھېچكىمدە گۇمان بولمىسا كېرەك.

بىز بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇنىڭ خاتىرىلىرىدىن نۇرغۇن تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز. ئۇ ئۆز خاتىرىسىدە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان نامراتلىق توغرىسىدا ئۆزىنىڭ دادىل بايانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئاتالمىش دىنىي ئەقىدىلەردىكى، كىشىلەرنى بۇ دۇنيادىن بەزدۈرىدىغان، نامراتلىقنى ئىماننىڭ بەلگىسى، تۆۋرۈكى، دەپ قارايدىغان تەركىدۇنياچىلىق، يەنى بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئۇ دۇنيالىق تەييارلىق، دەپ قارايدىغان پاسسىپ قورۇقچىلىقلارغا قارشى، بايلىق ئىماننىڭ تۆۋرۈكىدۇر، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نامراتلىق، پېقىرلىق، موھتاجلىق دىنغا، ئۇلۇسال روھقا نۇقسان يەتكۈزىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز بۇ جايدا ئۇنىڭ بۇ قارىشىنىڭ تولىمۇ زىل ۋە ۋەزنى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىقتىسادىي بايلىق بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنىڭ تۇرمۇشىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرەپتۇر. چۈنكى، ئۇزاققا سوزۇلغان ئىقتىسادىي نامراتلىق ئىنساندا موھتاجلىق پەيدا قىلىدۇ؛ موھتاجلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا غۇرۇرنىڭ سۇنۇشىدۇر. غۇرۇر بولمىسا مۇستەھكەم ئېتىقادنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

نوشىرۋاننىڭ قارىشىدىن قارىغاندا، بۇ دۇنيالىق بەختنى قوغلىشىشمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇھىم بۇرچلارنىڭ بىرى . بۇ بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بېيىماق، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرماق لازىم بولىدۇ. بىزنىڭچە، ئۇنىڭ بۇ بايانلىرى ئارتۇقچە ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىش بىۋاستە ھالدا كىشىلەرنى موھتاجلىق ۋە نۇقۇل ھالدىكى قورساق بالاسى ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، روھ ئۈستىدە، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىر تەرەپلىمە ھالدا ئېتىقاد ئارقىلىق نامراتلىقنى ئاقلاش، بەخت ـ سائادەت قوغلىشىشنى چەكلەش سېپى ئۆزىدىن خۇراپىيلىق، ھەتتاكى ئازغۇنلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، بەخت ـ سائادەت قوغلىشىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزۈش ئېتىقادقا ئوخشاشلا ھەربىر ئىنساننىڭ تۇپكى ھوقۇقىدۇر. بۇلارغا كاپالەتلىك قىلىش، بۇلارنى قوغداش، ھۆرمەت قىلىش تېگىدىن ئېيتقاندا ئىنسانغا بولغان ئەڭ ئەقەللىي ھۆرمەتتۇر.

ئەينى دەۋردە نوشىرۋان ياۋۇشېف بۇ مەسىلەرنى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزەتكەن ۋە ئۆتكۈر تىللار بىلەن بايان قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر خەلقى توغرىسىكى بايانلىرى ۋە ئۇلارغا قىلغان سەممىي خىتابلىرىنىڭ تەسىرى، بىزنىڭ تەتقىقاتلىرىمىزدىن مەلۇمكى، ئەينى چاغدىكى مەتبۇئات چەكلىمىلىكى ۋە رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى تۈپەيلىدىن رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. شۇنداقتىمۇ، بىز كېيىنكى چاغدىكى يېڭىچە مائارىپ ھەرىكەتلىرىنىڭ يولباشچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ياندىشىپ كېتىدىغان ئىدىيىلەرگە قاراپ، ئۇيغۇرلاردا قوزغالغان يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمىز. ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭ خاتىرىلىرى بىلەن ئاز كەم بىر ئەسىردىن كېيىن ئۇچرىشىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇچۇر جەھەتتىكى تولىمۇ زور كېچىكىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نوشىرۋان ياۋۇشېف خۇددى ئۆز ۋەتىنىدەك ئەزىز بىلىپ سۆيۈنگەن مۇشۇ يۇرت ھەققىدە ھەمدە قېرىنداشلىرىدىن ئارتۇق بىلىپ يۈرىكى ئېچىشقان

ھالدا ئۇيغۇرلار غا خىتاب قىلىپ يازغانلىرىنىڭ ئەينى دەۋر زىيالىيلىرىدا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات يۈرگۈزگەن ياپون ئالىمى ئۇئىشى شىنئىچىرو ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇندىن كېيىنكى بىر قاتار جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ ۋە ناملارنى قوبۇل قىلىشىنى نوشىرۋان ياۋۇشېڤ ئەسەرلىرىنىڭ ئىجابىي نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. نوشىرۋان ياۋۇشېڤ ھايات ۋاقتىدا قەشقەردە پەقەت ئابدۇقادىر داموللا بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان، يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق زات نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلى ئارقىلىق تونۇشقان. بىزنىڭ بەلىشىمىزچە نوشىرۋان ياۋۇشېڤ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان ۋە ئۇنىڭ يازغانلىرىغا تۇنجى قېتىم ئىنكاس قايتۇرغان بىردىنبىر كىشى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت بولسا كېرەك. دېمەك، نوشىرۋان ياۋۇشېڤ ئۇيغۇرلار ئارىسدا تۇرغان ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە يۈز پارچىغا يېقىن ماقالە ۋە خەۋەر يازغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلاردىن شۇنىڭغا تۇشلۇق ئىنكاس ۋە نەتىجە كۆرەلمىدى. ئۆمرىمۇ، سىياسىي ۋەزىيەتمۇ ئۇنىڭغا يار بەرمىدى. قەشقەردىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايتىپ ئۆز ۋەتىنىگە جان پىدا قىلىش ھارپىسىدا تۇرغاندا تاشكەنتتە بىمەزگىل 30 يېشىدا ۋاپات بولدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بۇ خاتىرىلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتى باشلىنىش ھارپىسىكى ئۇيغۇر مەنىۋى ۋە ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە ماتېرىيالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە تارىخىي قىممەتكە ئىگىدۇر.

نوشىرۋان ياۋۇشېڤنىڭ چىن يۈرىكىدىن بىزگە خىتاب قىلىپ ئېيتقانلىرىنى دەۋر ياراتقان ئىمكانىيەتلەر سەمەرىسىدە ئاز كەم بىر ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى غايەت زور سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، «شۇرا» ژۇرنىلىنىمۇ، نوشىرۋان ياۋۇشېڤنىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇردى، ئەينى زامان بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز كېڭەيگەنسېرى ھەممە نەرسە غۇۋالىشىپ، ھەتتا نوشىرۋان ياۋۇشېڤنىڭ كىملىكىنى بىلىشمۇ قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلاندى. قىسقىغىنە ئىلمىي ھاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارغا بېغىشلانغان بۇ زات ھەققىدە تۈزۈك بىر ئىلمىي تەتقىقات بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئەقەللىي ساۋاتمۇ، قىسقىغىنە تەرجىمىھالىنىڭمۇ بولماسلىقى كىشىنى قاتتىق ئۆكۈندۈرىدۇ. خۇسۇسەن مەن 1990 ـ يىللاردا نوشىرۋان ياۋۇشېڤنىڭ ئايرىم ئەسەرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقانىدىم. نوشىرۋان ياۋۇشېڤ شۇ قېتىمقى خوتەن سەپىرى جەريانىدا قاراقاشلىق ئەيسا قازى دېگەن كىشىدىن شاھ مەخمۇت جوراسنىڭ «تارىخ» ناملىق پارسچە تارىخىي ئەسىرىنى قولغا چۈشۈرگەن ھەمدە ئۇنى تاتار تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» دېگەن نامدا «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ بىر نەچچە سانىغا زۆرۈر ئىزاھاتلار بىلەن ئۇلاپ بەرگەن. مەن قولۇمغا چۈشكەن قىسىملىرىنى شۇ زامان ئۇلۇغلىرى ياراتقان ئورتاق تىل خاسىيىتى بىلەن ھېچقانچە مۇشەققەت تارتماي ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئايلاندۇرۇپ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق سانلىرىدا قىسقىغىنە ئىلاۋە بىلەن ئېلان قىلغانىدىم. ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ئىگىسى بولغان نوشىرۋان ياۋۇشېڤ ھەققىدە ھەرقانچە مەلۇمات بېرىشكە تىرىشقان بولساممۇ، لېكىن ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمەي كەلگەنىدىم. ھېلىھەم قولىمىزغا ئالىم ھاياتىنى يورۇتقۇدەك بىۋاسىتە ماتېرىياللار چۈشكىنى يوق. ئالدىنقى يىلى ياپون ئالىمى ئۇئىشى شىنئىچىرونىڭ نوشىرۋان ياۋۇشېڤنىڭ ساياھىتى ھەققىدە (‹شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى› 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان) ناملىق ماقالىسىنىڭ يورۇققا چىقىشى بىلەن بۇ ھەقتە نىسبەتەن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشتۇق. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆز قېرىندىشىنىڭ قايغۇسىنى قىلىپ ھەسرەت ـ نادامەتتە كەتكەن ئالىمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن يادلىنىپ تەتقىق قىلىنىشى بىزنى ھەققەتەن ئۇياتقا قويىدى. ئالىم ئېيتقان يۈز يىل ئىلگىرىكى بوشاڭلىق، پەرۋاسىزلىقنىڭ تا ھازىرغا قەدەر روھىيىتىمىزدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆكۈندۇق. شۇڭا بىز بۇ قېتىم ئالىم ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى قاتتىق پەخىر ئىپتىخار تۇيغۇسى بىلەن سۆيگەن ۋە قاتتىق ئېچىنغان بۇ يۇرتتا قايتا يورۇقلۇققا چىقىشى مۇناسىۋىتى بىلەن روھىنىڭ خۇشلۇقى، ئەمىنلىكىنى تىلەپ، ئۇئىشى شىنئىچىرونىڭ ئەمگىكى ئاساسىدا ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىنى قايتا ئەسلىتىپ ئۆ-

www.uyghurkitap.com



تۇشنى لايىق تاپتۇق.

نوشرۋان يائۇشېف 1880 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلە-
رىدا باشقىرتىستاننىڭ ئۇفا ۋىلايىتىدە ئوتتۇن كـۆمـۈرى
ساتىدىغان شرىيەزدان ئەخمەت ئوغلى يائۇشېف ئائىلىسى-
دە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تۇغۇلغان مىڭتال كەنتى ئاقسۆ-
گەكلەر رايونى بولسىمۇ، لېكىن نوشرۋانلارنىڭ ئائىلىسى
غورىگىل كۈن كۆچۈرىدىغان ئائىلە بولغان. نوشـــرۋان
سەككىز يېشىدىن 11 يېشىغىچە كەنتتىن ئۈچ ـ تۆت كىلو-
مېتىر يىراقلىقتىكى باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان.
1907 ـ يىلى شەيخۇللا شەربېكوف ئىسىملىك موللىدا ئو-
قۇغان. موللىنىڭ تەسۋىرلىشىچە شۇ چاغدا نوشرۋاننىڭ
ئۆستۈرۈشىغا كىيگىنى ناھايىتى ئاددىي كەمبەغەل كىيىمى
ئىدى. ئۇ 1907 ـ يىللاردا بولسا كېرەك، ئۇفا شەھرىدە
زېرىپ ئەپەندى، زىيائىددىن كامالى قاتارلىق بايلارنىڭ
ئىقتىسادىي ياردىمىدە ئېچىلغان، شۇ زامانغا نىسبـەتـەن
خېلى ئىلغار بولغان ئالىيە مەدرىسىسگە كىرىپ ئالىي مە-
لۇمات ئالغان. ئالىيە مەدرىسىسنى تاماملىغاندىن كېيىن،
ئۇفانىڭ جەنۇبىدىكى قازاق دالىسىغا بېرىپ قازاق باللى-
رى ئاساس قىلىنغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئۇزاق ئۆتمەيلا قىرىم تاتارلىرىنىڭ بۈيۈك مۇتە-
پەككۇرى ئىسمايىل غاسپىرالى 1880 ـ يىللاردا باشلىغان
يېڭىلىقچى كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى نەتى-
جىسىدە مەركىزىي ئاسىياغا قىلىدىغان سەپىرىنى باشلىغان.
1912 ـ يىلى «ۋاقىت» گېزىتىدە «مەركىزىي ئاسىيانىڭ
دېھقانچىلىقى» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنغىنىغا ئا-
ساسەن، ئۇئىشى ئەپەندى ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ بۇنىڭدىن
سەل بۇرۇن باشلانغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ. نوشرۋان يا-
ئۇشېف شۇ مېڭىشىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەشھۇر قەدى-
مىي شەھەرلىرىدىن سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەنت قاتار-
لىق جايلارنى زىيارەت قىلغاچ، تۈرلۈك ئېقىمدىكى كە-
شىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ بىلىمنى يېڭىلايدۇ، كۇتۇپخانى-
لارنى ئارىلاپ ئۆزى يازماقچى بولغان تارىخ كىتابى ئۈ-
چۈن ماتېرىيال توپلايدۇ. شۇ جەرياندا پارس تىلىنى ئۆ-
گىنىدۇ. سەمەرقەندتە ئۆزبېك جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ
پېشۋاسى مەھمۇت خوجا بەھبۇدى بىلەن ئۇچرىشىپ پە-
كىرلىشىدۇ. بۇ جايلاردىكى زىيارىتىدىن 20 پارچـىـدەك
ماقالە يېزىپ قازاندا چىقىدىغان «قۇياش» گېزىتىدە ئې-
لان قىلىدۇ.

1914 ـ يىلى نوشرۋان يائۇشېف دۇنيانى سايـاھـەت
قىلىش ئىستىكىدە بولغان. ئۇنىڭغا سەمەرقەندتـە ئـۇچ-
راشقان بىر بۇخارالىق مۇدەررىس دۇنيانى كېزىپ چە-
قىشنىڭ تەسلىكى، شۇڭا ئۇيغۇرلار يۇرتىغا بېرىشنى تەۋ-
سىيە قىلغان.

مانا شۇنداق قىلىپ نوشرۋان يائۇشېفنىڭ ئۇيغۇرلار
دىيارىغا قىلغان ساياھىتى باشلانغان. 1914 ـ يىل 4 ـ
ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەمەرقەندتىن پويىز بىلەن قوقانغا
ئاتلانغان. 1914 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 25 ـ
كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا شىخو، ماناسلاردىن ئۆتۈپ،
11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كۇچاغا يېتىپ كەلگەن. 1915 ـ يې-
لىدىن باشلاپ ئورېنبۇرگدا چىقىۋاتقان «ۋاقىت» گېزى-
تىنىڭ مۇخبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ھا-
ياتىدىن ئېلىنغان خەۋەرلەرنى مەزكۇر گېزىتـكـە ۋە بـۇ
گېزىت ئورگىنى تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان يېرىم ئايلىق
«شۇرا» ژۇرناللىرىغا ئەۋەتىپ تۇرغان. سەپەرگە چىقىش-
تىن ئىلگىرىلا چەكسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن تىلغا
ئالغان بۇ رايوننىڭ رېئاللىقى ئۇنى قاتتىق ھەيرەتتە قال-
دۇرغان. نۇرغۇن مەنزىرىلەرنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرال-
ماي قالغان. ناھايىتى ئاز نەرسىلەردىن سۆيۈنگەن بول-
سىمۇ، لېكىن كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان كۆڭۈلسىز مەنزى-
رىلەر ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتىگەن. بۇ ھال ئۇنىڭ قەلىمىنى
ھەدەپ ئىشقا سېلىپ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە قارشى
ئوت ئېچىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنلا قال-
ماي يەنە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېڭىچە مەكتەپ
ئېچىپ، بالا تەربىيىلەپ باشلامچى بولۇپ ئۈلگە كۆر-
سەتكەن. بۇ ئىشتىنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېـرى-
شەلمىگەن نوشرۋان يەنىلا ئۆتكۈر قەلىمىگە مۇراجىئەت
قىلىپ، جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق، نامراتلىق، موھ-
تاجلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغان تۈرلۈك ماقالە،
خەۋەرلەرنى يېزىپ، خەلقنى يېڭىچە مائارىپقا چاقىرغان.
نوشرۋان يائۇشېفنىڭ ئالتە شەھەردىكى پائالىيـتـىـنـىڭ
شۇقەدەر كۆپ ماقالىلەرگە سەۋەب بولۇشى، پائالىيتىنىڭ
ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھەر بىر
پالاكەت، ھەر بىر مۇدھىش مەنزىرە ئۇنى توختىماي قەلەم
تەۋرىتىشكە مەجبۇر قىلغان.

ئۇ كۇچادا تۆت ئاي تۇرغاندىن كېيىن، يەنى 1915 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كۇچادىن ئاتلىق يولغا چىقىپ، ئاقسۇ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىن ئۆتۈپ 28 ـ چىسلا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ قەشقەرگە كېلىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى خەلقنى يېڭىچە مائارىپقا ئۈندەشتىن سىرت، ئۆزى يازماقچى بولغان تارىخقا ئائىت ماتېرىياللارنى يىغىش، بولۇپمۇ «تارىخىي رەشىدى»نىڭ قولىيازمىسىنى ئىزدەش ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇچراتقان قولىيازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەپسانىلەرگە تولغان ئەھمىيەتسىز كىتابلار بولۇپ چىقىدۇ. قەشقەردىكى ۋەزىيەتنىڭمۇ كۇچادىن قېلىشمايدىغانلىقىنى كۆرگەن نوشىرۋان ئۈمىدسىزلىك ۋە غەشلىك ئىچىدە داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىلىدۇ. قەشقەردىكى ئۈچ يېرىم ئايلىق پائالىيىتى جەريانىدا ھېسابسىز كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەردىن سىرت يەنە خېلى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغىمۇ شاھىت بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئابدۇقادىر داموللا بىلەن ئۇچرىشىش ۋە قەشقەردە بىخلىنىۋاتقان يېڭىچە مائارىپ شاماللىرى ئىدى. لېكىن بۇلارمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمايدۇ.

1915 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قەشقەردىن ئاتلىنىپ يېڭىسار، قىزىللاردىن ئۆتۈپ 19 ـ چىسلا يەركەنتكە يېتىپ بارىدۇ. يەركەنتتە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەنە ئاتلىنىپ قاغىلىق، گۇمىلاردىن ئۆتۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خوتەنگە يېتىپ كېلىدۇ. خوتەندە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىشقا بايلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى دەۋەت قىلىدۇ، كونا قولىيازمىلارنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇ جەرياندا قاراقاشلىق ئۆلىما ئەيسا قازى دېگەن كىشىدىن مەھمۇت جۇراسنىڭ تارىخىي ئەسىرىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. ئۇنىڭ پۈتكۈل سەپەر جەريانىدىكى ئەڭ خۇشاللىق نەتىجىسى شۇ بولسا كېرەك. ئۇ بۇ ئەسەرنى شۇ سەپەر جەريانىدىلا تەرجىمە قىلىپ «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشنى باشلىۋەتكەن.

ئۇ خوتەندە بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يولغا چىقىپ 9 ـ كۈنى كېرىيىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ كېرىيىدە ناھايىتى كاتتا قارشى ئېلىنغان. ئۇ ئالدىنقى سەپەرلىرىدە ئۆزىگە ھەمراھ بولغان قاسىم ھاجى دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇنغا كېرىيىدە مەكتەپ ئاچقۇزغان. ئۆزى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئون نەچچە بالىغا ئانا تىلىدا يېزىش ـ ئوقۇشنى ئۆگەتكەن.

ئۇ 1916 ـ يىلىنى خوتەندە ئۆتكۈزۈپ، 1917 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەسلى كەلگەن يولى بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ھەمدە تىبەت ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈش تەييارلىقىغا كىرىشكەن. دەل شۇ پەيتتە رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. يائۇشېف سەپەرنى بىردىن توختىتىپ يۇرتى رۇسىيىدىكى ئىنقىلاب ۋە ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن 4 ـ ئايدا قەشقەردىن يولغا چىقىپ، 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تاشكەنتكە يېتىپ بارغان.

نېمە سەۋەبتىندۇر، شىنجاڭغا سەپەر قىلىپ قايتىپ كەلگەن نوشىرۋان يائۇشېفقا تاشكەنتتىكى تاتارلار سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان. نوشىرۋان يائۇشېف بۇ ئىشلارغا بولغان ئۈمىدسىزلىكىنىمۇ يوشۇرۇپ قالالمىغان ھەمدە تېزلا بۇ يەردىن ئايرىلىپ سەپىرىنى قايتا باشلاشقا تۇتۇنغان.

مىلىك ئەپسۇسكى، بۇ ياش ئالىم ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ بىرەر ئاي ئۆتمەيلا يەنى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تاشكەنتتە 30 يېشىدا ھېسابسىز ئارمانلارنى يۈكلىگەن پېتى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندا ئاتاقلىق ئالىم، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن ھەزرەتلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق ئېچىنىپ: ئۇنىڭ زامانداش ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى ئۇنىڭ سەپەر خاتىرىلىرى ۋە ماقالىلىرىنى يىغىپ، رەتلەپ كىتاب قىلىپ قويۇشقا چاقىرغان. بىراق، بۇ چاقىرىقنىڭ قانچىلىك ئەمەلگە ئاشقىنى بىزگە قاراڭغۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، بىزنىڭ بۇ خاتىرىلەرنى كۆرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ياش تارىخچى، يولداش ئۆمەرجان نۇرىغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمىز!

بۇنىڭدىن سىرت بىز يەنە ئەسلى ئەسەردىكى بىر قىسىم جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ ۋە مىللەت ناملىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا تارىخىي مۇجمەللىك پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن مۇۋاپىق تۈردە يەشمە، ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەنلىكىمىز ۋە قىسمەن جايلارنى بەزى بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىسقارتقانلىقىمىز توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەرگە ئەسكەرتىش بېرىمىز. بۇ سەۋەبلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن كەچۈرۈم سورايمىز.

## مەركىزىي ئاسىيا

سىبىرىيە، بالقاش كۆلى، قىرغىز دالىسى، ئۇرال كۆلى، ھەزەر دېڭىزى، ئىران مەملىكىتى، ئافغانىستان، ھىندىستان، چىن ۋە موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىداش بۈيۈك بىر ئۆلكىدە بىر نەچچە ئەسىرلەر قەدىمىي تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە موڭغۇل خەلقلىرى ھۆكۈم سۈرگەنىدى. بۇ خانلىقلار يەر يۈزىدە مەدەنىيەت ئاساسىنى قۇرغان، زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەتتە پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرىدىن ئۈستۈن چىققان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن يەر يۈزىگە مەشھۇر بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەت جەھەتتە دۇنيادا بىرىنچىلىكنى ئالغان ياۋروپالىقلار ئۆتمۈشتە مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا ئەسىر ئىدى. ھازىر بولسا شۇ ياۋروپالىقلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئاسار ئەتىقىلەرنى تېپىش ئۈچۈن ئۆز ئىچىلىرىدىن مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ئەۋەتىپ تۇرماقتا ۋە شۇ يولدا مىڭلاپ ۋە مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلماقتا.

دېمەك، مەركىزىي ئاسىيا يەر يۈزىدىكى قەدىمىي تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەسلىي يۇرتلىرىدۇر. بىراق، ئۇلار قۇرغان خانلىقلار ئۇزاق ياشىيالمىدى، مۇنقەرز بولدى. بۇ خانلىقلار ھالاك بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يۇرتلارنىڭ نامى يوقالمىدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يوقالمايدۇ ۋە قىيامەتكىچە قالىدۇ...

ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بىزدە بۇ ھەقتە كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر قۇسۇر بار. ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئۇلۇغ يۇرتقا بېغىشلانغان مۇكەممەلرەك بىر تارىخ كىتابى يازالمىغانلىقىمىزدۇر. تاتار تارىخى، ئوسمانلى تارىخى، قىرىم ۋە كافكاز تارىخى دېگەندەك توپلارغا ئايرىپ يېزىلغان ئۇششاق ـ چۈششەك تارىخلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئومۇمىي بۇ زېمىندىكى خەلقلەرگە بېغىشلانغان تارىخ كىتابى يوق دېمەكتۇر.

مەركىزىي ئاسىيادىن چىققان ئاسار ئەتىقىلەر بىلەن ياۋروپا مۇزېيلىرى توشقان. ئۇلار دائىم مەركىزىي ئاسىيادىن چىققان تەگمىشلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ تۇرماقتا. ئۆتكەن يىلى گېرمانىيىلىك بىر سەيياھ كونا نەرسىلەرنى ئىزدەش ئۈچۈن مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۈچار شەھرىگە كېلىپ سەككىز ئاي تۇرغان. مىڭ ئۆي دېگەن يەرنى قازدۇرۇپ بەك كۆپ قەدىمىي ئەسەرلەر، تارىخىي يازمىلار، تاشتىن ياسالغان سۈرەت ۋە ھەيكەللەرنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن.

بۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئىلگىرى ياۋروپالىق سەيياھلار كېلىپ كونا تۇرپاننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى دەقيانۇس دېگەن ئەسكى شەھەر خارابىسىنى قېزىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى تاپقان. ئەمما بىزلەر يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئەسەرلەرنى ئىزدەش تۇگۇل، يەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلارنىمۇ ساقلىيالمايمىز. بىزدە ئۇنچىلىك كۈچ ـ قۇۋۋەتمۇ يوق. قولىمىزدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىلا يوقىتىپ قويماي تۇتۇپ تۇرالىساقمۇ بەك ئۇلۇغ ئىش قىلغان بولاتتۇق. سەمەرقەندتىكى قىممەتلىك ئەسەرلەر، ئۆزكەنت ۋە توقماقتىكى مىڭ يىللىق مۇنارىلەر يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ...

مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كىچىكرەك بولسىمۇ بىر جەمئىيەت تەشكىللەپ، شۇ جەمئىيەت ئارىچىلىقى (ۋاستىسى) ئارقىلىق مەزكۇر ئەسەرلەرگە مەخسۇس بىر مۇزېي ئېچىش ياكى كونا بۇيۇم ۋە يازمىلارنى يىغىپ قويۇش كېرەك ئىدى. مەركىزىي ئاسىيادا تۈرك ۋە موڭغۇل خەلقلىرىگە تەئەللۇق تۈركىيچە ۋە مانجۇچە تارىخىي ئەسەرلەر كۆپ تېپىلىدۇ.

مەركىزىي ئاسىيادا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بىر نەرسە باركى، ئۇ بولسىمۇ تىلدۇر. يۈزدە بىر پىرسەنت پارسىي، ئەرەبىي، خەنزۇچە ۋە موڭغۇلچە سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەڭ ساپ تىل ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى دېسەم ھەرگىز خاتا سۆزلىگەن بولماسمەن. پارس تىلى ناھايىتى قەدىمىي بىر تىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككىنچى بىر تىل ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىشى تەبىئىيدۇر. بۇنىڭدىن رۇس ۋە فرانسۇز تىللىرىمۇ ئۇلۇشسىز قالمىغان. يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چاھارشەنبە، پەنجشەنبە... بىزلەر كۈن ئىسىملىرىنىمۇ ئۇنتۇتقاندۇرمىز.

بۇنىڭ مۇنداق بولۇشى يەنى ئۆز تىللىرىمىز ئۇنتۇلۇپ، پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئارىلىششى ئۆز بوشاڭلىقىمىزدىندۇر. بىزنىڭ بەزىبىر مۇتەئەسسىپ سوپىلىرىمىز ئىشنى تەتۈرسىگە بۇراپ بۇزۇقچىلىققا تارتىپ

كېتىۋاتىدۇ. ئۆز تىلى بار تۇرۇقلۇق پارسچە ۋە ئەرەبچە ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىشىدۇ.

شۇنداق، بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلارغا رەھمەت ئوقۇشقا تېگىشلىكمىز. بۇلار ئۆز تىللىرىنى، ئۆز ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى سۆيىدۇ. بۇلار دوراشقا قىزىقمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇلاردا قەدىمىي تىل ۋە قەدىمىي ئادەتلەر بەك ياخشى ساقلانغان.

ئۇنتۇلغان سۆزلىرىمىزنىڭ تېپىلىشى پارسىيلاشقان، ئەرەبىيلىشىپ قېلىپتىن چىقىپ بۇزۇلغان تىلىمىزنى تۈزدىتىشنىڭ مۇمكىنلىكى مەركىزىي ئاسىيادا ئوچۇق ۋە روشەن بىلىندى.

شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، تىلىمىز تۈزىلۇر بەلكى ئۇ چاغدا مەركىزىي ئاسىيامۇ ئىلگىرىكى ھالىغا كېلۇر.

مەركىزىي ئاسىيا! مەركىزىي ئاسىيا! مەركىزىي ئاسىيا!

سەن بىزنى ئۇنتۇما، بىزمۇ سېنى تىلىمىزدىن چۈشەرمەي زىكرىڭ بىلەن مەشغۇل بولايلى.

نوشىرۋان ياۋۇشېف، كۇچار

## تۇڭگانلار

چىن مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تۇڭگانلار ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم. لېكىن ئۇلار چىننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىگە تارقالغان. بۇلار ئالتە شەھەردىمۇ خېلى بار. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كەسپى ئاساسەن تېرىقچىلىق ۋە تىجارەتتۇر.

تۇڭگانلار بىلەن كۆپ ئارىلىششقا توغرا كەلمىگەچكە، بۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشالمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى: تۇڭگانلارنىڭ رەسمىي تىلى چىنچە بولۇپ، مېنىڭ ئۇ تىل بىلەن تونۇشلۇقۇم يوقلۇقىدىن بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار چەنتۇ (ئۇيغۇرلار) لارغا قارىغاندا خېلى ئىشچان كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ئارىسىدا ئەخلاق بۇزۇقچىلىقىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرمىدىم. خوتۇن ـ قىزلار بىلەن كۆپ ئارىلاشمايدۇ. تاماكا چەكمەيدۇ، ھاراق ئىچمەيدۇ. ئۆزئارا ھەسەت ۋە ئاداۋەت قىلىشتەك ئىشلارغىمۇ ئانچە كۆپ بېرىلمەيدىكەن. شۇنىسى قىزىقكى، بۇلارمۇ چەنتۇلاردەك چىركىن بولىدىكەن. پاكىزلىققا پەقەت رىئايە قىلمايدۇ.

ئۇلار بىلەن يېقىندىن ئارىلىششقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تارىخىنى بەك بىلگۈم كەلدى. بەزى بىر كىشىلەرنىڭ تۇڭگانلارنىڭ موللىلىرى ئەرەبچە سۆزلەشنى بىلىدۇ، دېگەن سۆزلىرى بويىچە بىر نەچچە موللىسى بىلەن كۆرۈشكەنىدىم، لېكىن ماڭا ئۇنداق ئەرەبچە سۆزلىشەلەيدىغان موللا ئۇچرىمىدى. توغرا، ئەرەبچە كىتابلارنى ئوقۇشنى بىلىدىكەن، شەرھى ئابدۇللا ۋە شەرھى موللا ئۇسۇلى بىلەن ئۇ تىلنىڭ سەرف ۋە نەھۋى قائىدىلىرىنىمۇ يادلايدىكەن، ئەمما سۆزلىشەلمەيدىكەن. شۇ سەۋەبلىك تۇڭگان موللىلىرى بىلەن سۆزلىشىش، تارىخلىرى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشقا مۇمكىن بولمىدى.

تۇڭگانلار توغرىسىدا ئالتەشەھەر خەلقى تۈرلۈك سۆز قىلىدۇ. سۆزلىرى بۇرۇنقى ھېكايە كىتابلىرىدىكى سۆزلەردەك تۇتۇرۇقسىز. يىل دەۋرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئەسىرلەرنىمۇ تەخمىن قىلغىلى بولمايدۇ.

ھىندىستاندىن كېلىپ كۆپ يىللار ئالتەشەھەردە تۇرغان بىر كىشى «مەن تۇڭگانلارنىڭ بەك ئۇلۇغ بىر موللىسىدىن شۇنداق ئاڭلىدىم» دەپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

بىر زامانلاردا بىر كىشى قىبلە تەرەپتىن چىقىپ چىن خانى تۇرىدىغان شەھەرگە كەپتۇ، ئۇ كىشى ئەۋلىيا ئىكەن، بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىكەن...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىن خانى ئۇنى كۆرۈپتۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ھەيران قېلىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى خانغا بەك ئوخشايدىكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نامىزىنى بەك ياقتۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. نەدىن كەلگەنلىكى، نىمە ئادەم ۋە نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى خانغا بەك ياراپ كېتىپ، شۇ شەھەردە ئۇزاقراق تۇرۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— تۇرۇشنى تۇراتتىم، لېكىن يالغۇزلۇق بەك يامان، ـ دەپتۇ.

— سىزگە نىمە كېرەك، جانابىڭىزدىن تىلەي، ماڭا ئېيتىڭ، مەن ئۇنىڭ چارىسىنى قىلۇرمەن، ـ دەپتۇ خان.

بىزنىڭ يۇرتتىكى ۋىلايەتنىڭ ھەر بىرىدىن بۇ يەرگە ئوندىن كىشى كەلتۈرسىڭىز تۇراتتىم، — دەپتۇ.خان شۇ زامات كىشى ئەۋەتىپ شۇ جايلارنىڭ ھەر بىرىدىن ئوندىن مۇسۇلمان كىشىنى كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ناھايىتى ئېسىل



مەزكۇر سۈرەت بۈنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

يەرگە ياسداق ئۆيلەرنى سالدۇرۇپ، ئۆيگە كىرەكلىك نەرسىلەر ، يېمەك ئىچمەككە قەدەر خان ئۆزى بېرىپتۇ.

ئۇلار بۇ يەردە ناھايىتى راھەتتە ياشاپتۇ. لېكىن بىرىگىنە نەرسە يوق! ئىنسان ئۈچۈن بەك زۆرۈر نەرسە! مانا شۇ نەرسە يوقلۇقىدىن بۇ قەدىرلىك مېھمانلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى بولغان ئەۋلىيا بۇ ئىشنى خانغا بىلدۈرۈپتۇ. خان سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەۋلىيا:

—خوتۇنسىزلىق،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خان:

—بۇنىڭ چارىسىنى قىلۇرمىز، مانا مۇشۇ شەھەردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە چاقىرىمىز، شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرىڭىزگە يارىغاننى تاللاپ ئالۇرسىز، — دەپ شەھەردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بىرگە بىر يەرگە يىغىلىشقا يارلىق قىپتۇ. چوڭ شەھەردىكى مىڭلارچە قىزلار بىر يەرگە يىغىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ چىرايلىقلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ مۇساپىرلار بۇ چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندىن كېيىن نان كۆرمىگەن...دەك قىزلارغا يېپىشىپتۇ. ئارىدىن ناھايىتى چىرايلىقلىرىنى تاللاپ ھەر بىرى بىردىن ئەپتۇ. چىن قىزلىرى ئىمان ئېيتىپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ھەقىقىي بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ. ھەممە نەرسە تەلتۆكۈس. چۈنكى پادىشاھتىن بېرىلىپ تۇرىدۇ. ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق. بىر نەچچە يىللار ئۆتۈپتۇ، نۇرغۇنلىرى قىز ـ ئوغۇللۇق بولۇپتۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىسىم قويۇشقا توغرا كەپتۇ. مانا شۇ چاغدا ئاتا بىلەن ئانا ئارىسىدا نىزا، تالاش ـ تارتىش باشلىنىپتۇ، ئاتىسى ئەھمەد، مەھمۇد دېگەندەك مۇسۇلمانچە ئىسىملارنى قويۇشنى ئېيتسا، ئانىسىمۇ ئۆز تەرىپىگە تارتىپ ‹سوجو›، ‹ شوخو› دېگەندەك چىنچە ئاتلارنى قويۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ كۆڭۈلسىز ئىش ئۆز ئىچلىرىدىلا تۈگىمەي يەنە خاننىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. بۇ مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلىشقا ھېچ مۇمكىن بولماپتۇ. ئاخىرىدا بىر بالىغا ئىككى (چىنچە ۋە مۇسۇلمانچە) ئىسىم قويۇشقا قارار بېرىلىپتۇ. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بۇ قارارغا رازى بولۇشۇپتۇ.

بۈگۈنكى تۇڭگانلارنىڭ چىنچە ۋە مۇسۇلمانچە ئىككى خىل ئىسمى بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ زاماندىن قالغان ئىشتۇر.

شۇنداق بولسىمۇ، ئەۋلىيا نېمە سەۋەبتىندۇر، ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى ئويلاپتۇ. مۇسۇلمانلار بۇ چاغدا ئىككى يۈزگە يەتكەن ئىكەن. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە مەنىۋى ئاتىلىرى بولغان ئەۋلىيانىڭ كەينىدىن قالماسلىققا تىرىشىپتۇ. خاننىڭ ئۇلارنى قايتۇرغۇسى كەلمەي:

—ئۆزىڭىز كەتسىڭىزمۇ، يارانلىرىڭىز بۇ يەردە تۇرۇپ قالسا بولاتتى،—دەپتۇ. ئەۋلىيامۇ:

—مەيلى تۇرسا تۇرغاي،—دەپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر مۇنچىسى ئەۋلىيا بىلەن بىرگە يۇرتىغا كېتىپتۇ. بەزىلىرى ئۆز خاھىش ۋە ئىرادىلىرى بىلەن چىن شەھىرىدە تۇرۇپ قاپتۇ. ئەۋلىيانىڭ ھېلىقى ‹تۇرغاي› دېگەن سۆزى بۇلارغا ئىسىم بولۇپ قاپتۇ. نېمە سەۋەبتىندۇر. بۇ سۆز تۇرۇپلا ‹تۇرغاي›دىن تۇڭگانغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بۈگۈنكى تۇڭگانلار شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىش.

بۇ توغرىلىق بۇنىڭدىن باشقىمۇ بىر نەچچە تۈرلۈك رىۋايەتلەر بولسىمۇ، ئاز ـ تولا پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا بارچىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولغاچقا ھەممىسىنى يېزىپ ئولتۇرمىدىم.

بۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرىدا يېزىپ قالغۇدەك بولسام، ئەسلى تېگىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلىنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن تۇتۇپ ھەقىقىي تارىخ رېتىگە كىرگۈدەك قىلىپ يېزىشىم مۇمكىن.

نوشىرۋان يائۇشېۋ. كىرىيە

## دىن ئالىملىرى ئارىسىدا

«خەلق نەزەرىگە»، «ئۇفاق پىكىرلەر» دېگەن ما-

2005.1

قالىلەر يېتىلا قولۇمغا تەگدى. ھەۋەس ۋە لەززەت بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. لېكىن «دىنىي تەدبىرلەر» دېگەن ماقالىنى ئۇچرىتالمىدىم.

«خەلق نەزەرىگە»نىڭ 29 ـ بېتىدە ئىسلام ئەقىدىسىدە ئەڭ بۈيۈك ئەھمىيەتلىك ئىش ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بەخت ـ سائادىتىگە ئاساس سېلىشتۇر. ئاخىرەت سەمەرىسى بۈگۈنكى سائادەتنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئەقىلسىز بۇنىڭدىن نېسۋىسىزدۇر. بەخت ـ سائادەتنى دەرۋىشلىك، مىسكىنلىكتىن، راھەتنى يوقلۇقتىن ئىزدەش ھىندىستان گادايلىرىنىڭ، براخمانلىرىنىڭ پەلسەپەسىدۇر دەيدۇ.

بۇ سۆزلەرنىڭ توغرىلىقىغا گۇمانىم يوق.

لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر، مۆھتەرەم ئالىم مۇسا ئەپەندى «ئۇفاق پىكىرلەر» ناملىق ماقالىسىدا مۆھتەرەم ئالىم زىيا ئەپەندىنىڭ بايلىق «ئىماننىڭ تۈۋرۈكى» دېگەن سۆزىنى ياراتمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مۆھتەرەم مۇئەللىپ ئەپەندى ماقالىسىنىڭ بىر قانچە بېتىدە ‹بايلىقنى ئىماننىڭ تۈۋرۈكى› دەپ كۆرسىتىپتۇ. مۇئەللىپنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە ئازراق خاتالىق بولسا كېرەك، دەيدۇ.

مېنىڭچە مۇئەللىپ ئەپەندىنىڭ بايلىقنى ئىماننىڭ تۈۋرۈكى دەپ كۆرسىتىشى ئۇنىڭ خاتالىقى ئەمەس بەلكى بىر ئوخشىتىشىدۇر. نۇرغۇن مولللىرىمىزنىڭ نامراتلىقنى ئىماننىڭ تۈۋرۈكى قىلىپ كۆرسىتىشلىرىگە قارشى مۇبالىغە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاگىسىز، پىكىرسىز مولللارنىڭ خەلقنى، مىللەتنى ئىشتىن، بايلىقتىن بەزدۈرۈشكە تىرىشىپ مەسچىتلەردە، مۇنبەرلەردە، يىغىنلاردا خاتا پىكىر تارقىتىشلىرىغا قارشى قەلبى ئۆرتىنىپ، ئېچىنىپ سۆزلىشى تەبىئىيدۇر.

مىللىتىمىزنىڭ قەلبى، يۈرەكلىرى نادان مولللارنىڭ مەنتىقىسىز نەسىھەتلىرى بىلەن ئوغلىنىپ (زەھەرلىنىپ) تۇرغان بىر پەيتتە، ئۇلارنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىنى يىمىرىش ئويى بىلەن بايلىق ئىماننىڭ تۈۋرۈكى، نامراتلىق ئىمانغا، دىنغا ئەيىب كەلتۈرىدۇ، دېيىشى ئورۇنلۇق ئوخشىتىش، كۆركەم كۆڭۈل سۆزىدۇر .

ھايات ۋە مەدەنىيەت دۇنياسىدا بىرىنچى ئاساس بولغان يېتىلىقنى، بۇنىڭغا قاتنىششقا، ئىش ـ ھەرىكەتكە ۋە بايلىققا خەلقنى ئۈندەشتىنمۇ ئۇلۇغ خىزمەت بولۇرمۇ؟



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

نامراتلىق سەۋەبىدىن .... ۋە بارچە ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزغا قۇسۇر ۋە نۇقسان يېتىدىغانلىقى مەلۇم.

مۆھتەرەم زىيا ئەپەندىنىڭ مىراج ۋە باشقىلار ھەققىدە يازغانلىرىمۇ ھازىرقى زامانغا قاراپ، خەلقنى خۇراپاتتىن ھەقىقەتكە، مەنىۋىيەتتىن ماددىياتقا يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

توغرا، زىيا كامالى ئەپەندىدە قىزىققانلىق، خەلقىنىڭ ئەخمەقلىقىغە تەخىرسىزلىك، جاھالەت ۋە خۇراپاتقا ئۆچمەنلىك قىلىشتەك سۈپەتلەر بار. قىزىپ كېتىپ مۇبالىغىلىك سۆزلەرنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىش ئېھتىماللىقىمۇ بار. ئەمما، ھەر ھالدا بايلىق توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى خاتاغا تارتىشنىڭ ئۆزى خاتالىقتۇر ياكى بولمىسا زىيا ئەپەندىنىڭ روھىي دۇنياسىدىن خەۋەرسىزلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

توغرا، تىكەنسىز چېچەك بولماس. بوستانلىقتا بۇلبۇلمۇ، قارغىمۇ بولىدۇ. لېكىن چېچەكنى تىكەندىن ئايرىغاندا چېچەككە زىيان يەتكۈزمەي ساقلىنىش ئۈچۈن يەڭ ـ ئېتەكلەرنى قىسقا تۇتۇش كېرەك. قىسقىسى، تەنقىد چىن مەنىسىدىكى تەنقىد بولسۇن، مۇنازىرە تۈسىنى ئالمىسۇن.

توغرا، بىزگە ھەممىدىن بۇرۇن يېتىلىق كېرەك، تىل كېرەك، ئېتىقاد كېرەك، ئىلىم، تېخنىكا، تىجارەت، زىرائەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا مىللىي شېئىرىيەت، مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي رومان، مىللىي مۇزىكا، ئويۇن ـ كۈلكىمۇ كېرەك. مىللەتكە بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەر كېرەك. شۇ كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بار قىلىش ئۈچۈن بايلىق

كېرەك، ئاقچا كېرەك.

نوشرۋان ياۋۇشېۋ، كۇچار

## ئالتە شەھەرگە ساياھەت

(كۇچادىن قەشقەرگىچە)

كۇچا ئەتراپىدا يادىكارلىقلار بەك كۆپ، بارچىسىدىن ئەجەپرەكى مىلىڭ ئۆيىدۇر. كۇچانىڭ غەربىدە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە تاشتىن قېزىپ ياسالغان بەك قەدىمىي ئۆيلەر بار. بۇ يەر خەلقى ئۆينىڭ كۆپلۈكىدىن مۇبالىغە قىلىپ مىڭ ئۆي دەپ ئاتاشقان. لېكىن قايسى زاماندا، كىمنىڭ ياسىغىنىنى بىلگۈچى يوق. بەزىلىرى: ئاپراسىياپ ياساتقان دەيدۇ، يەنە بىرلىرى: پەرھاد شېرىنگە سېلىپ بەرگەن، دەيدۇ.

بۇ ئۆيلەر قاتتىق تاشنى قېزىپ، بەك پۇختا ياسالغان، ئىچلىرى ئۆچ ـ تۆت تۈرلۈك بوياق بىلەن بېزەلگەن. نەقىش ۋە بېزەكلىرى ئادەم ۋە باشقا ھايۋانات رەسىملىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئادەم رەسىملىرى قالماق ۋە چىنلىقلارغا ئوخشايدۇ. 83 ھۇجرىغا كىرىپ كۆردۈم. چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسى ئوخشاش. ئۆيلەر ئومۇمەن بۇخارا مەدرىسىلىرىنىڭ ھۇجرىلىرىغا ئوخشايدۇ. دېرىزىلىرى يوق. كىچىكلىرى 90، چوڭلىرى 976 كۇپ مېتىرچە كېلىدۇ. تاغ ئىچىدىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئاققان بىر دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر يارغا



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

سېلىنغان. ئىشىكلىرى دەرياغا قارايدۇ. كۆپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يار يىمىرىلىپ بەك كۆپ ئۆيلەر خاراب بولغان. بۇنىڭغا يېقىن يەردە بەك قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىمۇ بار. بۇ يەردىن كونا ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرى، ھايۋان سۆڭەكلىرى چىقىدۇ، تۆمۈر زاتى تېپىلمايدۇ.

ئۆتكەن يىلى گېرمانىيىدىن لېكوك ئىسىملىك بىر سەيياھ كېلىپ بۇ ئەتراپتا تەتقىقات يۈرگۈزگەن. كونا نەرسىلەرنى 11 هارۋا، 40 تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا :مىڭ ئۆي بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى ھىندىلار تەرىپىدىن ياسالغان ئىكەن، كېيىن بۇ يەرلەرنى قالماقلار ئىستىلا قىلغان، بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن بۇ يەرگە ئەرەبلەر كەلگەن. ئۆيلەر ياسالغاندا تۆمۈر ئەسۋاب بولمىغان .

مۇنداق ئۆيلەر ئالتە شەھەرنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ بار.

1915 ـ يىلى 23 ـ مارت، يەرلەر ياشارغان، دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىغان ، ئۆرۈكلەر ئاپپاق چېچەك ئاچقان ئىدى. يالغۇز ئۆزۈم ئات مىنىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن قەشقەرگە يۈردۈم.

قىزىل، باي، سايرام، ياقا ئېرىق، قارا يۇلغۇن دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ جام يېزىسىغا كەلدىم. ئىشچى قارا خەلق چۈشىدىغان سارايغا چۈشتۈم. بۇ ساراي يالاڭ ئاياغ ۋە جۇلجۇل كىيىملىك ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

ئەمدىگىنە چاي ئىچىشكە باشلىغانىدىم، بالغا ئولاشقان چىۋىندەك ئولىشىۋالدى. بىچارىلەر، ئاچ ـ يالىڭاچ، ئارىسىدا بەك قېرىلىرىمۇ بار ئىدى.



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

—— نەگە بارىسىز؟

—— ئىلىغا چىقىمىز.

—— نېمە ئۈچۈن؟

—— ئاش ئىزلەپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن.

—— قەيەرلىك سىز؟

—— قەشقەرلىك، ئارىمىزدا ياركەنت، خوتەنلىكلەرمۇ بار.

ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقتىم. يولدا تۈركۈم – تۈركۈم كىشىلەر ئۇچرىدى. ئۇلار جامغا قاراپ كېتىپ باراتتى. ئېشەكلەرگە خورجۇن، ئوزۇق – تۈلۈك ئارتىشقان بولۇپ، ئۆزلىرى پىيادە يۈرەتتى. ئارىلىرىدا ئەمچەكتىكى بالىلىرىنى كۆتۈرگەن ياش خوتۇن – قىزلارمۇ بار ئىدى. ئاپپاق ساقاللىق قېرىلارمۇ بار ئىدى. ئاياغلىرى يالاڭ ئاياغ، ئۇچىسىنى ئىللىتقۇدەك كىيىممۇ يوق ئىدى. كۆزلىرى كۆكەرگەن، يۈزلىرى سارغايغان. ئېغىزلىرى ئېچىلغان. پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىغانىدى. بۇ بىچارىلەرمۇ ئاچلىقتىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەپ ئىلىغا سەپەر قىلغانىدى.

## ئاقسۇ

كۇچا بىلەن ئاقسۇ ئارىسى 250 چاقىرىم چامىسى بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا ئادەم ئاز. ئادەمگە قارىغاندا مۇنبەت يەر ئاز. مال بېقىش، تېرىقچىلىق بىلەن كۈن كۆچۈرىدۇ. لېكىن ئىشلىرىدا بىرمۇ يېڭىلىق كۆرۈنمەيدۇ. ئېتىز ئېشىنى ئاز قىلىدۇ. ئىش ۋاقتى بولسىمۇ، هويلا – ئارامىلاردا ساقاللىق كىشىلەر ۋە سەبىيلەرنىڭ ئوشۇق ئويناپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. 25 – 20 ياشلىق يىگىتلەر ئالدىلىرىغا بەش – ئالتە تال تۇخۇم، چېكلەۋۈك (گازىر)، كەشىر، پىياز قويۇپ سودا قىلغان قىياپەتتە ئولتۇرىدۇ. بۇلار كۆپ بولسا كۈنىگە بەش تىيىنلىق سودا قىلىدىغاندۇ. كەتمەن چېپىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئېرىنىدۇ، هورۇندۇر، مانا شۇڭلاشقا بۇ يەرنىڭ خەلقى ئومۇمەن پېقىر ۋە موهتاجلىقتا ياشايدۇ.

ئاقسۇدىمۇ ئىشلار مانا مۇشۇنداق. بۇ يەردىمۇ شۇ ئىشسىزلىق، شۇ هورۇنلۇق، شۇ ئاچلىق، شۇ پېقىرلىق، شۇ جاهالەت، شۇ سافالەت هۆكۈم سۈرىدۇ.

كوچا – كويلىرى بۇخارا كوچىلىرىدەك بەك تار هەم ئەگرى – بۈگرى، ئىمارەتلەر خارابە، ۋەيرانىلەردىن ئىبارەت. پاكىزلىققا دىققەت قىلىنمايدۇ، يۇرتلاردىن چىقىرىلغان نىجاسەتلەر كوچىلارغا، ئېچىۋاتقان سۇلارغا تاشلىنىدۇ.

ئاقسۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى پوقاق دېگەن بويۇن ئىششىقىغا مۇپتىلا. بۇنىڭ كىچىكلىرى ئىككى قاداق، چوڭلىرى ئىككى پۇت ئېغىرلىقىدىكى گىر تېشىدەك كېلىدۇ. بۇلار بۇنى سۇدىن بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە سفلىس دېگەندەك ئاغرىقلارمۇ كۆپ، تېۋىپ، دوختۇرلار يوق.

مائارىپ – بۇ يەردە ئىلىم ۋە مائارىپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىلەرمۇ يوق. مەكتەپ مەدرىسلىرى، مەسچىت ۋە خانىقالىرى خارابە هالىدا. تورۇس – شىپلىرىنى تور باغلىغان، ئىچىگە كىرىپ ناماز ئوقۇغىدەك هالى يوق، چاڭ – توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان.

ئۆزىنى بەك بىلىملىك سانىغان، شەهەردە بىرىنچى دەرىجىدە باي سودىگەرلەردىن بىرىگە مەكتەپ ۋە بالا تەربىيىسى هەققىدە سۆز قىلماقچى ئىدىم.

—— مېنىڭ ئۆزۈم سالدۇرغان بىر مەكتىپىم بار، يۈزلەپ بالا ئوقۇيدۇ، شۇلارنىڭ هەممىسىنى بىر موللا ئوقۇتىدۇ، ئۆزى ئەرزان، يىلىغا 10 – 15 سوم زاكات بەرسەڭ بېشى كۆككە يېتىدۇ، – دېدى.

—— ئەرزان بولغىنى بىلەن بالىلارنىڭ ئۆمرى زايا كېتىدۇ – شۇ —— دېدىم.

بۇ يەردە مەكتەپلەردە ئوقۇش مۇددىتى يەتتە – سەككىز يىل بولۇپ، شۇ ئەسنادا هەپتىيەك، نامى هەق، چاھار كىتاب، خوجا هاپىز، ناۋايى ۋە بېدىلنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇتۇلىدۇ.

مەدرىسىلەردە ئوقۇش مۇددىتى 20 ـ 25 يىل بولۇپ، ئەئۇزۇ، بىسمىللاھ بەھسى، شەرھى ئابدۇللا، شەرھى موللا، شەرھى ۋەقايە ۋە بۇلارنىڭ ھاشىيىلىرى ئوقۇتىلىدۇ.

سانائەت ـــ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ھالقا، بىلەيزۈك قۇيۇش، مىستىن چەينەك، تۆمۈردىن تاقا ياساشتەك ھۈنەر ۋە سەنئەتلىرى بار.

زىرائەت ـــ كېۋەز، گۈرۈچ، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر ۋە تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋىلەر چىقىدۇ. يەر ـ سۇ كۆپ، پەقەت ئىشلەيدىغان ئادەم ئاز. تىرىقچىلىق ۋە تىجارەت ئىشلىرى ئومۇمەن رۇسلارنىڭ قولىدا . لېكىن ئاقسۇدا تاتارلاردىن بىرمۇ كىشى يوق.

يەرلىك خەلق كۆپىنچە قارا ئىش، دۇئاگۇيلۇق، دەرۋىشلىك، قەلەندەرلىك، دىۋانىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقلىرىنى تەقدىر پېشانىگە پۈتۈلگەن دەپ قارايدۇ.

بۇلار ناماز ئوقۇماق ۋە ھەج قىلماقتىن باشقا ئىشلارنى بىلمەيدۇ. روھانىلىرى بەك نادان، خەلقنى جاھالەتكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى خۇراپاتلار بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. ئاغرىغان باشقا تۆمۈر تاياق دېگەندەك ئۇلارنى ھەمىشە دۇنيادىن بەزدۈرۈش يولىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. دۇنيانى تاشلاپ، يەر ۋە مۈلكىنى سېتىپ بولسىمۇ ھەج قىلىشقا ۋە كۆپرەك خوتۇن ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇلارنىڭ نەسىھەتلىرى تەسىرسىزمۇ قالمايدۇ. يەرلىرىنى سېتىپ، خوتۇن ۋە باللىرىنى ئاچ ـ يالىڭاچ پېتى ئۆيىدە قالدۇرۇپ، مەككە تەرەپكە سەپەر قىلغۇچىلارمۇ كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى بىلەن كارى يوق. بۇلار بالا تېپىشقىلا ئىگە، بالا تۇغۇشنى ئانىغا، ئانىنى خۇداغا تاپشۇرىدۇ. بالىنى چىن ئىنسان قىلماق، ئىلمى، پىكرى،



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

ئادىمىيلىك جەھەتتىن تەربىيە قىلماق قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئېسىغا كىرىپ چىقمايدۇ. شۇنداق قىلىپ مەسۇم بالىلار ھايۋان بىننى ھايۋان بولغان پېتى قالىدۇ. ئاقسۇ ئەتراپىدا نېفىت بۇلاقلىرى بار ئىكەن. ئىشلەتكۈچى يوق بولغاچقا ئىسراپ بولۇپ ياتىدۇ.

ئايكۆل ـــ ئاقسۇدىن چىقىپ ئايكۆل يېزىسىغا كەلدىم. ئىككى ـ ئۈچ ئارشىن قېلىنلىقىدا بەك قېرى دەرەخلەرنى ئېتىبارغا ئالغاندا بۇ يۇرت خېلى قەدىمىي بولسا كېرەك. بۇ يەردە مەۋلانا سەييىد جالالىددىن بۇخارى دېگەن بىر ئەۋلىيانىڭ قەبرىسى بار. قەبرىنى زىيارەت قىلىپ ، شەيختىن ئايكۆل ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سورىغانىدىم:

ـــ قەدىم زاماندا ئاسماندىكى ئاي يوقىلىپ كېتىپ ئالتە ئايغىچە كۆرۈنمىگەن. كېيىن بۇخارايى شېرىپتىن مەزكۇر ۋەلى كېلىپ دۇئا قىلغانىكەن. ئاي مانا مۇشۇ كۆلدە كۆرۈنگەن ئىكەن، ـــ دېدى. بۇ بىچارە ئاي، نەسىردىن ئەپەندى زامانىدىمۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولغانىدى. ئىسىت.

ئىككى كۈن يۈرۈپ: سۇناي ئېرىق، شوتا قۇدۇق دېگەن مەنزىللەردىن ئۆتۈپ چىلان دېگەن يۇرتقا كەلدىم. بۇ يەردە يېمەك ـ ئىچمەكنى شەھەرلەردىن ئېلىپ كېلىپ يولۇچىلارغا سېتىش بىلەن كۈن كۆچۈرىدىغانلار بار ئىكەن. چۈنكى بۇ يەرلەر قۇملۇق، چۆل. مۇندا يامغۇر ياغمايدۇ، زىرائەت ئۈنمەيدۇ، توغراق، يۇلغۇن دېگەن ئوتۇنلارلا چىقىدۇ، ئېقىن سۇلار يوق، قۇدۇق سۇلىرى ئاچچىق، تۇزلۇق.

تاتارچە «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىللىق سانلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# يۇمورلار



## پو ئېتىش

ئۈچ باغۋەن ئۆزلىرىنىڭ ئالمىسىنىڭ ئاجايىپ ئوخشىغانلىقى ھەققىدە پو ئېتىشىپتۇ:

بىرىنچى باغۋەن:

—مەن بېغىمدىن يوغان بىر تال ئالمىنى ئاران تەستە ئۈزۈۋېلىپ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېدىم، ئورۇندۇقنىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتتى!

ئىككىنچى باغۋەن:

—مەن بېغىمدىن يوغان بىر تال ئالمىنى ئاران تەستە ئۈزۈۋېلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېدىم، شىرە مىجىلىپ كەتتى!

ئۈچىنچى باغۋەن:

—بولدى قىلىڭلار بۇرادەرلەر، مەن بېغىمدىن يوغان بىر تال ئالمىنى ئاران تەستە ئۈزۈۋېلىپ ھارۋىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېدىم...

—ھارۋا مىجىلىپ كەتتىمۇ؟

—ياق! ئالمىنىڭ ئىچىدىن بىر تال قۇرت چىقىپ، ئاتنى يەۋەتتى!

## ئۆزگىرىش

قىمارۋازنىڭ ئايالى يېرىم كېچە سائەت ئىككى بولغاندا داچەنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىن بىرىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانىغا چۈشۈپ، ئېرىنىڭ تېخىچە بىر توپ قىمارۋازلار بىلەن قارتا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېرىگە كايىپتۇ:

—ئۆز ئۆيۈمدە بىردەم بولسىمۇ ئارامخۇدا ئۇخلىۋالسام بولمامدۇ!

—سۆيۈملۈكۈم! بۇ ئۆي ھازىر بىزنىڭ ئەمەس...

## ئارزۇ

ئېرى:

—سۆيۈملۈكۈم سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيىڭىز نېمە؟

ئايالى:

—سىز مېنى ئۈچ جايدا سۆيۈپ قويسىڭىز، مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى.

ئېرى:

—ھەي شۇنچىلىك ئىشمىتى! چاتاق يوق، قېنى دەڭا، قايسى ئۈچ جايدا؟

uygurkitap.com



ئايالى:

—پارىژدا، ۋېنتسىيەدە، پانامادا.

**ھاراقنىڭ شىپالىق رولى**

—ھەزىم قىلىشىم ياخشى بولمىغان ۋاقىتتا ئازراق پىۋا ئىچىمەن، ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ قالغاندا ئاق ئۈزۈم ھارىقى ئىچىمەن، قان بېسىمىم تۆۋەنلەپ كەتكەندە قىزىل ئۈزۈم ھارىقى ئىچىمەن، قان بېسىمىم ئۆرلەپ كەتكەندە براندى ھارىقى ئىچىمەن، يۈرىكىم ئاغرىغان ۋاقىتتا ۋوتكا ئىچىمەن...

—ئۇنداقتا سىز قانداق ۋاقىتتا سۇ ئىچىسىز؟

—مەن تېخى سۇ شىپا بولىدىغان كېسەل بولۇپ باقمىدىم...

**پارتلاش**

بىر بالا غال ـ غال تىترىگىنىچە مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ـ دە، دادىسىغا ناھايىتى تەسلىكتە ئېغىز ئېچىپتۇ:

—دادا بۈگۈن خىمىيە دەرسىدە تەجرىبە ئىشلىگەنىدىم، پارتلاپ كەتتى!

دادىسى ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ:

—شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم سىناقتىن ئۆتكۈزمىدى دېگىن!

—مېنىڭچىمۇ ئوقۇتقۇچى شۇنداق قىلاتتى، بىراق ئۇ پارتلاشتا ئۆلۈپ كەتتى.

**ئالماشتۇرۇپ قويۇش**

ئەر يېرىم كېچىدە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتىكەن، ئايالى كايىپ:

—مەن سىزگە ھاراق ئىچكەندە ئىككى رومكىدىن، ئۆيگە قايتقاندا سائەت 22 دىن ئېشىپ كەتمىسۇن، دەپ تاپىلىغان ئەمەسمىدىم!—دەپتۇ.

—سىزغۇ شۇنداق تاپىلىغان، بىراق مەن بۇ ئىككى ساننى دائىم ئالماشتۇرۇپ قويۇپ...

**كولدۇرلىتىش**

بىر ئەر قاتناش بېكىتىدە توختىماستىن كۈلۈۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشى ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

—نېمىشقا ساراڭدەك كۈلۈۋېرىسىز؟

—مەن بايا بىلەت ساتقۇچىنى كولدۇرلىتىپ ئوينىدىم.

—قانداق كولدۇرلىتىپ ئوينىدىڭىز؟

—بىلەتنى ئېلىپ، ماشىنىسىغا چىقمىدىم.

**تىنچ تۇرالغۇ**

خېرىدار:

—ئۆي ماڭا ياردى، ئەمدى مەن بۇ تۇرالغۇ رايونىنىڭ تىنچ ياكى تىنچ ئەمەسلىكىنى بىلىپ باقماقچى.

ئۆي ئىگىسى:

—خاتىرجەم بولۇڭ، ئالدىنقى ئايدا مۇشۇ ئەتراپتا ئىككى قېتىم قاتىللىق دېلوسى، بەش قېتىم باسقۇنچىلىق دېلوسى، ئون قېتىم ئوغرىلىق دېلوسى يۈز بەرسىمۇ، رايون بەك تىنچ بولغاچقا بۇ ئىشلارنى ھېچكىم سەزمىگەن.

**شەرت**

خىزمەتچى قوبۇل قىلىشنىڭ يۈزتۇرا سىنىقىدا سىناقچى سىنالغۇچىدىن سوراپتۇ:

—سىزنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەشكىللەش قابىلىيىتىڭىز قانداقراق؟

—ناھايىتى ياخشى، مەن ئىلگىرى ئىشلىگەن شىركەتتىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسىنى مەن تەشكىللەپ، ئۆزۈم رەھبەرلىك قىلغان.

قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى

**مەن تېخى پىشمىدىم**

ئىككى بىمار روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدىن قېچىپ چىقىپ، بىر باغقا كىرىپتۇ ـ دە، بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرى مېۋىنىڭ يەرگە چۈشكىنىنى دوراپ، دەرەختىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ يەردە دومىلىغاچ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەمراھىدىن سوراپتۇ:

—يەرگە چۈشمەي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟

—مەن تېخى پىشمىسام، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يەنە بىرى.

**تەرەت قاچىسى**

ئىككى بىمارنىڭ روھىي كېسىلى تەڭلا ساقىيىپ، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇدلىنىپتۇ، ئۇلارنى داۋالاشقا مەسئۇل بولغان دوختۇر ئىككىيلەنگە تاپىلاپ، مۇنداق دەپتۇ:

—ئەگەر ئىككىڭلاردىن قايسىڭلارنىڭ كېسىلى قايتا قوزغىلىپ قالسا، شۇنى دەرھال دوختۇرخانىمىزغا ئېلىپ كېلىڭلار.

بىر كۈنى، دوختۇرنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ كېتىپتۇ:

—چاتاق بولدى، مەن بىلەن بىللە ساقىيىپ، دوختۇرخانىڭلاردىن چىققان ھېلىقى بىمار تونۇگۈندىن باشلاپ ئۆيىمىزنىڭ ھاجەتخانىسىدا يېتىۋېلىپ، «مەن سىنىڭ تەرەت قاچاڭ» دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ.

—ئۇنداق بولسا، ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىمىزغا ئەكىلىڭ!

—لېكىن، مېنىڭ تەرەت قاچام يوق بولۇپ قالامدۇ؟

**موگۇ**

روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدىكى بىر موماي ھەر كۈنى ئۈچىسىغا قارا كىيىم كىيىپ، قارا كۈنلۈكتىن بىرنى تۇتۇپ، دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن.

ئۇنى داۋالاشقا مەسئۇل بولغان دوختۇر كۆڭلىدە ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن، ئىشنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىشتىن باشلىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئاشۇ مومايدەك قارا كىيىم كىيىپ، قولىغا قارا كۈنلۈكتىن بىرنى تۇتۇپ مومايىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېتىپتۇ.

شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، موماي ئاخىر دوختۇردىن سوراپتۇ:

—ھە... سىزمۇ موگۇما؟

مۇھەررىرى: خۇرشەنئاي مەمتىمىن

# ئىمتىھان



ۋاھىتجان غوپۇر

ياشانغان ۋەزىر ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئۇنىڭ ئورنىغا ئاشۇ مەرھۇمدەك دىيانەتلىك، شەخسىيەتسىز، خەلقپەرۋەر، سەممىي، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان، تاسادىپىي ھادىسىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان پەزىلەتلىك بىر ئادەمنى تاللاش توغرىسىدا كېچە - كۈندۈز باش قاتۇرغان تەدبىرلىك پادىشاھ ئاخىرى بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ ۋە ئەلگە مۇنداق پەرمان جاكارلاپتۇ:

—ۋەزىرلىك ئورنىغا ئەل ئىچىدىن تېنى ساغلام، ئىسىل پەزىلەتلىك، يۇقىرى مەلۇماتلىق، مۇئەييەن ئىقتىدارغا ئىگە ئىستىدادلىق كىشى تاللاپ قويۇلىدۇ، شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەنلەر دەرھال ئۆزلىرىنى تىزىملاتسۇن، ئىمتىھان كېلەر ئاينىڭ 11 - كۈنى باشلىنىدۇ...

ئەمەل تەمەسىدە يۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن بىر ئامالالارنى قىلىپ، ئۆزلىرىدە بار كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقلارنى ھەدەپ كۆپتۈرۈپ، يوق شەرتلەرنى يالغاندىن ياساپ چىقىپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ، سوۋغا - سالام يوللاپ، ئاشۇ ئەمەلنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا بولۇپتۇ.

ئادىل دانىش ئىسىملىك يىراق تاغلىق يېزىدا ياشايدىغان بىر ئوقۇمۇشلۇق زات بار ئىكەن، ئۇ كۆپ ئوقۇغان، كۆپنى كۆرگەن، ئەمەلىي تەجرىبىسى مول كىشى بولۇپ، ئەل ئىچىدە ھەر قانداق چىگىش ئىشلارنىمۇ مۇۋاپىق، ئادىل ھەل قىلالايدىغانلىقى بىلەن داڭقى چىقارغانىكەن. جامائەت ئۇنىڭغا:

—تەقسىر، ئۆزلىرى بۇ ۋەزىپىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىلا، ئارىمىزدىن سىلىدەك شەخسىيەتسىز، پەزىلەتلىك زاتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىشلىرى بىز ئۈچۈن تولىمۇ شەرەپ، ئۈمىدىمىزنى يەردە قويمىغايلا، —دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ. پۇقرالارنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشىگە قايىل بولغان ئادىل دانىش شەھەرگە كىرىپ، تىزىملىتىش شەرتلىرىنى بېجىرىپتۇ. قايتا - قايتا تاللاشلاردىن كېيىن شەرتلىرى ئاساسەن تەلەپكە ماس كېلىدىغان يەتتە نەپەر كىشى ۋەزىرلىك ئورنىنى تالىشىدىغان نامزات بولۇپ بېكىتىلىپتۇ.

رەسمىي ئىمتىھان ئېلىنىدىغان كۈنى سەھەر پادىشاھ ئۇلارنى ئوردا بىلەن بولغان ئارىلىقى ئون كىلومېتىر كېلىدىغان يەتتە يولغا ئايرىم - ئايرىم ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ:

—چۈشتىن كېيىن ئىمتىھان باشلىنىدۇ، سىلەر بەلگىلەنگەن يەتتە يولنىڭ تەڭ ئارىلىقتىكى نۇقتىسىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئوردىغا قاراپ يولغا چىقىسىلەر، بېكىتكەن ۋاقىتقا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كېلىشمۇ ئىمتىھاننىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى يېتىپ كەلگەن ھامان ئىمتىھاننى باشلايمىز.

يەتتە نەپەر نامزات ياساۋۇللارنىڭ نازارىتىدە يەتتە تەرەپتىكى يەتتە يول ئېغىزىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئاتلىنىپ، قارا تەرگە چۆمۈلگىنىچە ئوردا تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشۈپتۇ.

ئادىل دانىش يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا

كەلگەندە توساتتىن: «ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار!...» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. شۇنداق قارىسا، يول تۆۋىنىدە هارۋىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، هارۋا ئاستىدا قالغان بىر يىگىت ۋارقىراۋاتقانىكەن، ئۇ دەرھال پەسكە چۈشۈپ، يىگىتنى تارتىپ چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئانچە يارىلانمىغانلىقىنى كۆرۈپ، جىددىيلەشكىنىچە يەنە چېپىپتۇ.

يول يېرىمدىن ئاشقاندا، ئۇ يەنە قاتتىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ، يېقىنلىشىپ قارىسا، بىر نەچچە ئۇششاق بالا سۇپسۇزۇك سۇغا تولغان كۆل بويىدا تۇرۇپ: « مومىمىز سۇغا چۈشۈپ كەتتى، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟...» دەپ يىغا - زار قىلىشىۋاتقانىكەن، ئادىل دانىش كۆلگە ئۆزىنى ئېتىپ، سۇدا بىر لەيلەپ - بىر چۆكۈپ جان تالىشىۋاتقان موماينى قۇتقۇزۇپ، قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ - دە، يەنىمۇ جىددىيلىشىپ يۈگۈرۈپتۇ.

شەھەر دەرۋازىسىغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا ئازلا قالغاندا، ئۇنىڭ كۆزىگە توساتتىن قويۇق ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان يېگانە بىر كەپە ئۇچراپتۇ، كەپە ئالدىدا بىر ئەما جۇۋان توختىماي يىغلاپ: «ۋاي تەڭرىم، قانداقمۇ قىلارمەن؟ كېسەلچان بوۋام ئوت ئىچىدە قالدىغۇ ئەمدى...» دەپ زارلاۋاتقۇدەك.

بۇنى كۆرگەن ئادىل دانىش، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئۇلۇغ ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا پەسەنت قىلماي ئۆز يولىغا كېتىۋەرمەكچى بولۇپتۇ - يۇ، شۇ هامان تېنى چاقماق سوققاندەك بولۇپ، قەدەملىرى ئاستىلاپتۇ. جېنى خەۋپتە قالغان بىر ئاجىزنى قۇتقۇزۇشتىن ۋەزىرلىك ئورنىنى تالىشىشقا ئالدىراشنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەسقۇ... دېگەن پىكىر «يالت» قىلىپ مېڭىسىدە ئەكس ئېتىپتۇ - دە، كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە ئۇچقاندەك بۆسۈپ كىرىپ، بوۋاينى يۈدۈپ بىخەتەر جايغا ئېلىپ چىقىپتۇ، ياردەمگە كەلگەنلەر بىلەن بىرگە ئوتنى تېزلا ئۆچۈرۈۋاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ تولىمۇ غەلىتە بىر قىياپەتكە كىرىپ قاپتۇ: باش - كۆزى كۈيە - ئىس يۇقى، كىيىمىنىڭ بەزى جايلىرى كۆيۈپ يىرتىلغان، بىر پۇتىدا ئاياغ، بىر پۇتى يالاڭ ئاياغ ...

—بولدىلا، - دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، - ھېلىمۇ مۇشۇنداق كۈتۈلمىگەن ئىشلار سەۋەبىدىن ۋاقىتنى بەك كېچىكتۈرۈۋەتتىم، بۇ ھالىم بىلەن بارسامۇ يەنىلا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيمەن، شۇڭا قايتىپ كەتكىنىم تۈزۈك...

ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىر نەچچە قەدەم ماڭغان ئادىل دانىش يەنە توختاپ قاپتۇ، ھوي، بۇ مېنىڭ نېمە قىلغىنىم؟—ئەزىمەت ئۈچۈن ماڭغان يولنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشتىمۇ ئارتۇق ئازاب بارمۇ؟—دەپ ئويلاپتۇ ئۇ،—بولدى، ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئىمتىهان ئورۇنلاشتۇرغۇچىلاردىن ئەپۇ سوراپ قايتسامۇ ئۆلگۈرمەنغۇ...

ئادىل دانىش بۇ خىيال بىلەن نىيىتىدىن يېنىپ، جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى سائەت ئىلگىرى كېلىپ بولغانىكەن، بىر رىقابەتچىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئازايغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئىمتىهانىنىڭ باشلىنىشىنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقانىكەن.

ئادىل دانىش ئەدەپ بىلەن تەزىم بىجا كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە ئاجايىپ سۆيۈنۈش ۋە ئۈمىد تەبەسسۇمى بىلەن قاراپ تۇرغان پادىشاهقا ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ ئېغىز ئېچىشىغا، پادىشاھ:

—بولدى بەس، ئوغلۇم، يولۇققان ئىشلىرىڭغا ئارتۇقچە ئىزاھات بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولمايلا قوي—دەپتۇ ۋە سورۇنغا هازىر بولغان ئەمەلدارلار ۋە ئىمتىهان بەرگۈچىلەر ئالدىدا،—ئىمتىهان هازىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى، ئادىل دانىش ئەڭ يۇقىرى نەتىجە بىلەن ۋەزىرلىك ئورنىغا ئېرىشتى!—دەپ جاكارلاپتۇ.

زېرەك پادىشاھ ئەسلىدە ئىمتىهان بەرگۈچىلەرنىڭ ھەر بىرى بېسىپ ئۆتىدىغان يولغا ئەتەي ھالدا يۇقىرىقىدەك «ئۈچ خىل تاسادىپىي ۋەقە» كۆرۈنۈشلىرىنى ياساپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىمتىهاننى يول بىلەن ئوردا ئارىلىقىدىلا تۈگىتىپ بولغانىكەن.

«كىچىك ئىشلار»نىڭ «ئۇلۇغ مەرتىۋە»نى قولغا كەلتۈرۈشكە دەخلى يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىگەن ھېلىقى ئالتەيلەن «ھارۋا ئاستىدا قالغان يىگىت»، «كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن موماي» ۋە «ئوت ئىچىدە قالغان بوۋاي»غا پەرۋامۇ قىلماي، ئوردىغىلا چاپقاچقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئادىل دانىش بولسا ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەتنى نامايان قىلغىنى ئۈچۈن ئىمتىهاندىن ئۆتۈپ، ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، ئەلدە ھەققانىيەت ھەم ئادالەت ئورنىتىپ، پۇقراپەرۋەرلىك بىلەن شۆھرەت قازىنىپتۇ.

ساپ ۋىجدان، ئېسىل ئەخلاق، ياخشى خۇسۇسىيەت، مول بىلىم ۋە پىداكارانە روھقا ئىگە كىشىلەرلا قايسى جاي، قانداق ئورۇن، قانداق مەرتىۋىدە بولمىسۇن، قانداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا دۇچ كەلمىسۇن جەزمەن ئۆز تىلىكىگە يېتەلەيدۇ، مۇۋەپپەقىيەت ھەم شان - شەرەپنىڭ دەرۋازىسى ئۇلار ئۈچۈن ھامان داغدام ئېچىلغان بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

2005.1

# ھەقتىن قورقۇش كېرەك



بىر دوستۇمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يېڭى باشلانغان چاغدا ئۇنىڭ دادىسى قەرانلىق يېشىغا يەتكەن جۇشقۇن، ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدىكى قىنى قىزىق ياشلار بىلەن بىللە «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» شۇ ھەرىكەتكە ئۆزىنى ئاتاپ، نامايىش قىلغان چاغدا ئۆزلۈكىدىن شۇئار توۋلاپ، يىغىن ئېچىلغاندا ئاۋۋال باشلاپ سۆزگە چىقىپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاشقىرىغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيدىغان چوڭ ئانىسى بىردىنلا: «ھازىر جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ئىشلارنى چۈشەنمەيمەن، سېنىڭ تاشقىرىدا نېمە ئىش قىلىپ يۈرگىنىڭنىمۇ بىلمەيمەن. راست گەپنى قىلسام، ئۇ ئىشلارنى بىلگۈممۇ يوق، بىلسەممۇ بىرنېمە قىلالمايمەن. لېكىن ساڭا دەيدىغان بىر ئېغىزلا گېپىم بار، تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن مەيلى نېمە ئىش قىل، ئاۋۋال قولۇڭنى يۈرىكىڭگە قويۇپ، مۇشۇ ئىشنى قىلسام ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەرگە قاراپ قالماسمەنمۇ؟ كۆڭلىرىم تۇشۇپ دەرگايى ھەقنىڭ ئالدىغا بارغاندا خىجالەتچىلىك تارتماسمەنمۇ؟ دەپ ئويلان: ئەگەر ئۇنىڭغا كۆزۈڭ يەتمەيدىغان بولسا، مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇ: ئۇ ئىشنى قىلما، تۆپەڭدە تەڭرىئىگەم ھازىر، ئىككى كۆز ھەرقاچان ساڭا قاراپ تۇرىدۇ» دەپتىكەن.

دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى مانا شۇ چاغدىن باشلاپ نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىپ قاپتۇ، ھەرقانداق بىر ئىش توغرا كەلسە، ئاۋۋال ئوبدان ئويلىنىپ، ئاندىن قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، گۇلدۇرلەپ كېتىۋاتقان ھەرىكەتتىن تېزلا ئۆزىنى تارتىپتۇ، ھېچقانداق بۇزۇش - چېقىش ھەرىكەتلىرىگىمۇ قاتناشماپتۇ...

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» تۈگىگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ دادىسىنى ھەرىكەت داۋامىدا ئۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



داغ چۈشۈرمەي توغرا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپتۇ. لېكىن دوستۇمنىڭ پەخىرلىنىدىغىنى دادىسىنىڭ مەنسىپى ئەمەس، پەزىلىتى ئىكەن.

دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەرقاچان دادىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، دادىسى ئۇنىڭغا: ھەرقانداق ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، ھەقتىن ئەيمىنىشى ـ قورقۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا جاھاننىڭ كارى ـ پارى تۈگىشىدۇ، دەپ تەربىيە بېرىدىكەن.

لىللا گەپنى قىلساق، دۇنيادا خۇدادىنمۇ، بەندىدىنمۇ ھېيىقمايدىغان ـ قورقمايدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس، ئۇلار ئۆز نەپسىنى دەپ، خەلقئالەمدىكى ھەرقانداق قانۇن ـ قائىدىلەرگە پىسەنت قىلمايدۇ. ھەقىقەتتە ئۇلار ئاخىر «تەڭرىنىڭ قەھرى ـ غەزىپى»گە ئۇچرىماي قالمايدۇ. كىمكى «يامان»لىق قىلسا شۇ ئادەم جازاسىنى تارتىدۇ، بىر توپ ئادەم «يامان»لىق قىلسىمۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ.

بىر كۈنى بىر ئادەم مەندىن: «بۇددا دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندا ياكى ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا نېمىشقا سېرىق مايدىن چىراغ ياندۇرۇپ قويىدۇ» دەپ سوراپ قالدى. دەسلەپتە ئۆزۈممۇ ھودۇقۇپ قالدىم. كېيىن چالا ـ پۇچۇق پەملەپ قالدىم: ياندۇرۇپ قويغان سېرىق ماي چىرىغى ئېھتىمال بۇددانىڭ كۆزى بولسا كېرەك. «بۇددا» بىر چەتتە قاراپ تۇرسا، كۆڭلىمىزدە ھەرخىل غەرەز ـ خىيال پەيدا بولغان تەقدىردىمۇ يەڭگىللىك قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن.

ۋۇيىڭجۇ ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىل 30 ـ نويابىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

—توختى باقى ئارتىشى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

## بىلدۈرگۈ

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ۋاكالىتەن باش سېتىش ئورنى: قەلبداشلار كىتابخانىسى. ژۇرنال ئالماقچى بولسىڭىز ئەكبەر ئەپەندى بىلەن ئالاقىلىشىڭ!

تېلېفون نومۇرى: 0991—2866182

يانفون: 13999185171

## ماقال ـ تەمسىل

كىشىنىڭ يۇرتىدا سامان بولغىچە،
ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدا ئامان بول.

يولۇڭدىن ئازما،
يۇرتۇڭدىن تازما.

يۇرت كۆرسەڭ ئەقىل تاپىسەن.

دوست ئامانلىق تىلەر،
دۈشمەن يامانلىق (تىلەر).

مورىسى يوق ئوچاق بولماس.

كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ.

تەربىيە ئالغان تەرلىمەس.

كۆپكە قوشۇلساڭ كۆپىيىسەن.

بىر تام ئۆي بولماس.

ئېشەك قاياققا ماڭسا،
هارۋا شۇ ياققا ماڭار.

دوست كۆڭلىدىكىنى ئېيتار،
دۈشمەن ئېغىزىدىكىنى (ئېيتار).

قورقۇنچاق جېنى بىلەن قالار.
باتۇر ئالدىچە ماڭار،

قورقۇنچاق كەينىچە (ماڭار).
قورقۇنچاق ئالدىراپ ئۆلەر.

بىلىملىك ئويلاپ تاپىدۇ،
بىلىمسىز قۇرۇق گەپ ساتىدۇ.

نەپسىگە ئەگەشكەننى نەس باسار.

دىتىڭ قانچىلىك بولسا،
تۇرمۇشۇڭ شۇنچىلىك بولۇر.

توپلىغۇچى: ئابلىمىت ئىبراھىم (ئاقسۇ ئېگەچى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

2005 . 1



# ئۇلۇغبېكنىڭ پاراستىگە بېغىشلانغان رىۋايەتلەر



**بىرىنچى رىۋايەت** ـ شام ۋە رۇمدىن زەپەر قۇچۇپ قايتقان ئۇلۇغ پاتىھ (جاھانگىر) ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئەمدىكى بولىدىغان چىن دۆلىتى ئۈستىگە بارىدىغان يۈرۈشكە ھازىرلىق باشلاپ، كۆزلەنگەن ھەربىي جەڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ فىرۇز بېغىدىكى مەخسۇس خانىدە ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئەمىرلىرى، چوڭ ـ كىچىك باتۇر پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرىنى يىغىپ مەخپىي مەجلىس قۇردى. مەجلىس بىر قانچە كۈن داۋاملىشىپتۇ، لېكىن بىرەر يەكۈن بولماپتۇ. باغنى ئۈچ ھالقا دائىرىدە قورشاپ مۇھاپىزەتتە تۇرغان ساقچى نەۋكەرلەر كېچە ـ كۈندۈز ھوشيار تۇرۇپ، ساھىپقىران ۋە مەجلىس ئەھلىنىڭ تىنچلىقىنى قوغدايدىكەن. ئەمىر تۆمۈرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن باغقا بىرەركىشى كىرگۈزۈلمەپتۇ ۋە بىرەر كىشىنىڭ تاشقىرىغا چىقىشىغىمۇ يول قويۇلماپتۇ. خۇددى ئاشۇ ۋاقىتتا ساھىبقىراننىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغبېك مىرزا كۆكسارايدا ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى سارايىنى بويلاپ، بىتاقەت ھالدا ماڭاتتى. ئۆزىنى نېمە ئىشلار بىئارام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. خىيالىغا ھەدەپ بوۋىسى كېلىۋالاتتى. ئاخىر ئۇلۇغبېك مىرزا قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ، سارايدىكى ئەڭ ئېگىز مۇنارغا چىقىپ، پۈتۈن بىر كېچە ئۇخلىماي، تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا ھېساب ـ كىتاب بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭ مەخسىدى بوۋىسىغا بىرەر خەتەرنىڭ خەۋپ سېلىش ـ سالماسلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەمىر تۆمۈرنىڭ تەلەينامىسىنى تۈزۈش، بوۋىسىنىڭ ئەتە ـ ئۆگۈندىكى ھاياتىغا قارىتا يۇلتۇزلارنىڭ ھۆكۈمىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىدى. ياش مۇنەججىم ئاۋۋال ئېگىزلىكنى ئېنىقلاپ، ئالدىدىكى قەغەزگە يۇلتۇزلارنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان تەلەي نامە جەدۋىلىنى سىزدى. ئاندىن يۇلتۇزلارنى يىللىق جايلىشىشلىرىنى ئېنىقلىدى. ئۇلارنى ئون ئىككى بۇرچ بويىچە جايلاشتۇردى ۋە نىھايەت تاڭغا يېقىن نەتىجىگە ئېرىشتى. لېكىن نەتىجىگە قاراپ ئۇلۇغبېكنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى.

سەھمۇس سائادەت ۋە سەھمۇل غەيىپنىڭ ھەر ئىككىلىسى ناھايىتى قىسقا بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىداقالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلۇغبېك مىرزا نېمە قىلىشىنى بىلمەي

www.uyghurkitap.com



گاڭگىراپ قاپتۇ. نىھايەت ئۇ تېزلىك بىلەن فىروزە باققا بېرىپ، بوۋىسىنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىشنى ئويلاپتۇ ۋە مۇناردىن چۈشۈپ، ئېتىنى قامچىلاپ، بوۋىسى تۇرغان مەنزىلگە قاراپ ئۇچقاندەك مېڭىپتۇ. ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، بوۋىسىنى قانداق قىلىپ مەجلىسخانىدىن ئېلىپ چىقىشنى ئويلاپتۇ. چۈنكى ئەمىر تۆمۈرنىڭ فىروزە بېغىغا ھېچكىمنى، ھەتتا ئەمىرزادىلەرنىمۇ، مەلىكىلەرنىمۇ بۇيرۇق بولمىغۇچە كىرگۈزمەسلىككە پەرمان بەرگەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تاكى قورۇقچى نەۋكەرلەرنىڭ باشلىقىغا چۈشەندۈرگىچە، ئۇ كىرىپ ساھىبقىراندىن رۇخسەت ئېلىپ چىققىچە قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتىدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. نىھايەت، ئۇلۇغبېك بىر قارارغا كېلىپ ئېتىنى كۆچەپ چاپتۇردى. ئۇ فىروزە بېغىنى ئوراپ تۇرغان بىرىنچى ھالقىدىكى قورۇقچىلارنى كۆرۈش بىلەن تەڭ قىلىچىنى يالىڭاچلاپتۇ ۋە بار كۈچى بىلەن قىقىراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھەيۋەت ئەلپازىنى كۆرگەن قورۇقچى نەۋكەرلەر نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ. قورۇقچىلارنىڭ ۋەسۋەسىگە چۈشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇلۇغبېك مىرزا شىددەت بىلەن ئۈچ ھالقىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ ۋە يەنە توختىماي ئات چاپتۇرۇپتۇ ساھىبقىران بوۋىسى مەجلىس قۇرۇپ ئولتۇرغان كۆشكنىڭ ئىچكىرىسىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئۇ خۇددى ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ، قىلىچنى كۆتۈرۈۋالغانچە، ئۇنى گاھ بۇ ئەمىر، گاھى ئۇ مىرزىنىڭ بېشى ئۈستىدە ئوينىتىپ توختىماي، ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپتۇ. بۇ دەھشەت ھالەتتىن قورقۇپ كەتكەن ئەمىرلەر ۋە مىرزىلار بىنادىن تاشقىرىغا قېچىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. بىر گۇرۇھ خاس نەۋكەرلەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغان ئەمىر تۆمۈرنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بىنا ئىچىدە ئادەم قالمىغانلىقىنى كۆرگەن ئۇلۇغبېك ھويلىغا ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئۇ بىنادىن چىقىشى بىلەن ئەمىر تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە نەۋكەرلەر تۆت تەرەپتىن يۈگۈرۈلۈپ كېلىپ، ئۇلۇغبېكنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، قولىدىكى قىلىچنى تارتىۋاپتۇ. ئۇنى ئايىغىنى يەرگە تەگكۈزمەي ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. سۆيۈملۈك نەۋرىسىنىڭ كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلىمىغان بۇ ھەركىتىدىن نىھايەت قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەمىر تۆمۈرنىڭ رەڭگى ـ روھى ئاقىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ تېخى ئەس ـ ھوشىنى ئوڭشاپ بولالماي تۇرغان ئۇلۇغبېككە يېقىنلىشىپ، قەھرى بىلەن سوراپتۇ:

—بۇ نېمە قىلغىنىڭ، پەدەر قۇسۇر؟!

ئۇلۇغبېك مىرزا بوۋىسىغا جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەپتۇ. خۇددى ئاشۇ لەھزىدە گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز كېلىپ، ئاسمان ـ ئەتراپ قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، يەر قاتتىق سىلكىنىپتۇ. بۇ ئېغىر ھالەتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئۆينىڭ تاملىرى تاراس ـ تۇرۇس يېرىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن گۈلدۈرلەپ غۇلاشقا باشلاپتۇ. جاھاننىڭ يۈزىنى چاڭ ـ توزان قاپلاپتۇ. نىھايەت، يەرنىڭ سىلكىنىشى توختاپ، چاڭ ـ توزانلار تارقىلىپ، ساھىبقىران تېخىچە ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرغان نەۋرىسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلۇغبېك بېشىنى كۆتۈرۈپ:

—مانا شۇ سەۋەبتىن ئەدەپسىزلىك قىلدىم، بوۋىجان! ـ دەپتۇ. ئەمىر تۆمۈر بارچە گەپنى بىلىپتۇ ۋە ھاياجانلىنىپ، سۆيۈملۈك نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ. ئاندىن نەۋرىسىگە:

—بۇ ھالنى نېمىگە ئاساسلىنىپ بىلدىڭ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ئۇلۇغبېك ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بوۋىسىغا جاۋاپ بېرىپتۇ:

—مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىق بېشارىتىگە ئەمدى يەتكەن ئىدىم. يەنى بوۋىجان، تەلەينامىڭىزنى ئېنىقلىغان ئىدىم. ئەمما بۇ خەۋپ ـ خەتەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، نېمە قىلىشىمنى ئاڭقىرالماي تۇرغىنىمدا، تۇساتتىن مەن تۇرغان مۇنارە كاشىنى كۆچۈپ، بۇ دەھشەتلىك ھالنى بىلدۈرگەن تەلەينامە دەرىجىسىنىڭ ھەرپى ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇنى ئېزىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە:

—بوۋامنىڭ ھاياتىغا بولغان خەۋپ ـ خەتەر زىلزىلىدىندۇر. ۋە بۇ خەۋپ بىر سائەت ئىچىدە يۈز بېرىدۇ، دېگەن پىكىر تۇغۇلدى. ھە، بوۋىجان! بۇ سەھمۇل غەيىپنىڭ ئىشى بولدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ساھىبقىراننىڭ يۈزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى ۋە نەۋرىسىگە مەمنۇنلۇق بىلەن تىكىلدى. مانا شۇنداق قىلىپ، يۇلتۇزلار ئىلمىنى بىلگەن دانىشمەن

نەۋرە ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ كۈچى بىلەن جاھانگىر بوۋىسىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغانىكەن.

ئىككىنچى رىۋايەت كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئادەم كېلىپ ئەرز - داد ئېيتىپتۇ:

—ئەي، سۇلتانى ئالەم، مەن ئۆمۈر بويى ھالال مېھنىتىم ئارقىلىق ھالال نان يەپ كەلدىم.بالا - چاقىلىرىمنى ھەم ھالال مېھنىتىم بىلەن باقتىم. بۇنىڭدىن بىر ئايچە بۇرۇن شۇ ھالال تەرىم بىلەن تاپقان ئازغىنە بايلىقىمنى بىر كىچىك كوزىنىڭ ئىچىگە جايلاپ بىر كۈنلۈك ئېھتىياجىمغا يارايدۇ، دەپ ئۈمىد بىلەن ئۆزىگە تەۋە دالانىڭ بىر چېتىدە تۇرغان چىلان جىگدە دەرىخىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويغان ئىدىم. يەنە بىر مۇھتاجلىققا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ھېلىقى نەرسىلىرىمنى ئېلىش ئۈچۈن چىلان جىگدە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كەلدىم. ئەمما دەرەخنىڭ ھېلىقى يېرىنى ئاختۇرۇپ كوزىنى تاپالمىدىم. بىرسى دەرەخ تېگىنى ئاختۇرۇپ، كوزىنى ئېلىپ كەتكەن ئىكەن، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، ئاخىر ئۆزلىرىدەك ئادالەتلىك سۇلتانغا ئەرز قىلىشقا ئەھد قىلىپ ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم.

ئەمىر تۆمۈر ئەرزدارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئويلا - ئويلا ھېچ بىر نەتىجە چىقىرالماپتۇ. ساھىبقىراننىڭ يېنىدا ياشقىنا ئۇلۇغبېك مىرزا ئەرزگە كەلگەن ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ بوۋىسىنىڭ تەرەددۇتتا قالغانلىقىنى بىلىپ، ساھىبقىراندىن گەپ قىلىشقا رۇخسەت سوراپتۇ.

—سۆزلەڭ مىرزام! - دەپتۇ ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران.

ئۇلۇغبېك زېرەك كۆزلىرى بىلەن بوۋىسىغا تىكىلىپ ئېغىز ئېچىپتۇ.

—ماڭا ساۋاق بەرگەن ئۇستازىمنىڭ تەبىرىچە، چىلان جىگدىنىڭ يىلتىزى كېسەللىككە دەۋا ئىمىش، شۇ يىلتىزنىڭ شىپاسىغا مۇھتاج بولغان بىرەر كىشى دەرەخ ئاستىنى قازغان. كوزىنى ھەم تېپىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. ئەمما كوزىنى تېپىش ئاسان، ئەقىللىق نەۋرىسىنىڭ ھەر بىر سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان ئەمىر تۆمۈر ئۇلۇغبېككە سىناق كۆزلىرىنى تىكىپ دېمەك،... - دەپ ئۇنى مەقسەتكە كۆچۈشكە ئۈندىگەن بولدى.

—دېمەك، ئەمدى شەھەردىكى بارچە تېۋىپلارنى سورۇشتۇرۇپ قايسى بىرلىرى شۇ يېقىن كۈنلەردە چىلان جىگدە يىلتىزىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇلغانلىقىنى ئېنىقلاش لازىمدۇر. ئاشۇ تېۋىپ تېپىلسا، كوزىمۇ تېپىلغۇسىدۇر، - دەپ سۆزىنى يەكۈنلىدى ئۇلۇغبېك. ئەمىر تۆمۈرنىڭ پەرمانى بىلەن شەھەردىكى ھەممە تېۋىپلارنى سورۇشتۇرۇشقا باشلىدى. نىھايەت، بىر تېۋىپ، مەن پالانچى كېسەلگە مۇندىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى چىلان جىگدە يىلتىزىنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغانىدىم. ئېلىپ كەلدى مەن دورا تەييارلاپ بەردىم، - دېدى ۋە ئۇ كېسەلنىڭ تۇرار جايىنى ئېيتتى. ئاشۇ ئادەمنى تېپىپ كۆك سارايغا ئېلىپ كېلىشتى. ساھىبقىران بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى. ئۇ ئادەم:

—تېۋىپ بۇيرۇغاندىن كېيىن بىر جايدىن چىلان جىگدە دەرىخىنى تاپتىم. يىلتىزدىن بىر ئاز ئېلىش ئۈچۈن تېگىنى كولىغان ئىدىم، پۇل سېلىنغان كوزا ئۇچرىدى. ئۇنى يىلتىز بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر ئىگىسى چىقسا تاپشۇرارمەن دېگەنىدىم، - دېدى.

ساھىبقىران ئەرز ھال ئېيتىپ كەلگەن ئادەمنى كۆرسىتىپ:

—ئاشۇ چىلان جىگدە ئۆسكەن يەر مۇشۇ ئادەمنىڭ يېرى. ئۇ ئۆزى بىر پېقىر ئادەم، ئەگەر كوزىنى مۇشۇ كىشىگە تاپشۇرسىڭىز ساۋاپ ئىش قىلغان بولىسىز، - دېدى.

پېقىر ئادەم كوزىنىڭ رەڭگىنى، ئىچىدە قانچە پۇلنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى. ئۇ كىشى كوزىنى ئىگىسىگە تاپشۇردى. مانا شۇنداق قىلىپ، ساھىبقىران بوۋىسى ھەل قىلالمىغان تېپىشماقنى ئۇنىڭ ئەقىللىق نەۋرىسى ئۇلۇغبېك مىرزا ھەل قىلىپ بەرگەن ئىكەن.

ئۈچىنچى رىۋايەت مىرزا ئۇلۇغبېك باللىقىدىن باشلاپ ئەقىل - ئىدراك ۋە پاراسەت ئىگىسى بولۇپ، كۆپ ئىلىملارنى ئىگىلەپ، ئۇستازلىرىنى چوڭقۇر ھۆرمەت قىلغۇچى، ئۇستازلىرى بولسا ئۇنى سۆيگۈچى بولۇشقان ئىدى. مىرزا ئۇلۇغبېك ياش - ۋاقتىدا ئەمىر تۆمۈر رۇم مەملىكىتىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر دانىشمەن ئۇنىڭغا ساۋاق بەرگەن ئىدى. رۇملۇق بۇ دانىشمەنىنىڭ بىر ئادىتى بار بولۇپ، ساۋاق بېرىش داۋامىدا بېشىنى ئىگىشتۇرۇپ،

يەرگە قاراپ ئولتۇرىدىكەن. ئەگەر شاگىرتى بىرەر جۈملە سۆزنى غەلەت ئوقىسا ياكى باشقا بىرەر خاتاغا يول قويسا، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويىدىكەن. بىر كۈنى مىرزا ئۇلۇغبېك ئۇستازىنىڭ ئالدىدا بىر كىتاب ئوقۇغانىدى، كىتابتا بولغان «ھۆددىسىدىن چىقمىغان نەرسەڭىزنى ئېمىشقا ۋەدە قىلىسىز؟» دېگەن جۈملىنى ئوقۇۋاتقاندا ئۇستازى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپتۇ. ئۇلۇغبېك مىرزا «ئېھتىمال خاتا ئوقۇغان بولسام كېرەك» دەپ ئويلاپ، جۈملىنى دىققەت بىلەن قايتا ئوقۇپتۇ. لېكىن ئۇستازى بۇ قېتىممۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپتۇ. مىرزا ئۇلۇغبېك ساۋاقدىن كېيىن بوۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بوۋىجان، ئۇستازىمغا بىرەر نەرسىنى ۋەدە قىلغان بولسىڭىز، دەرھال ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىڭ، — دەپ بولغان ۋەقەنى ئەمىر تۆمۈرگە ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئەمىر نەۋرىسىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ:

— ئۇستازىڭ مەندىن رۇمدا قېپقالغان كۇتۇپخانىسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىشىمنى سوراپ، بۇ كىتابلار ماڭا ئەمەس، نەۋرىڭىزگە كېرەكتۇر، — دەپ ئىلتىماس بايان قىلغانىدى. مەن ئادەم ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلغان ئىدىم. ئەمما ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، — دېدى. ئەمىر تۆمۈر نەۋرىسىنىڭ ئەقىل - پاراستىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاندىن ھېلىقى رۇملۇق دانىشمەنلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنى دەرھال ئىجرا قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ...

تۆت ياشلىق مىرزازادە بوۋىسىنىڭ يۈرىكىنى ھەيدرەتتە قالدۇردى.

1398 - يىلى باش كۆكلەمدە تۇران قوشۇنى قاشقا دەريا ۋادىسى ئارقىلىق ئۆتۈپ تېرمىزغا يېقىن يەردە ئامۇ دەرياسىغا تاشلانغان سال كۆۋرۈك ئۈستىدىن خۇراسان مۈلكىگە ئۆتتى. ئەمىر تۆمۈر بۇ يۈرۈشكە مەلىكە سارايمۇلۇك خانىم بىلەن تۆت ياشلىق ئۇلۇغبېك مىرزىنى بىرگە ئېلىپ كەتتى. ھىندىستان يۈرۈشى تارىخىنى يازغان تارىخچى غىياسىدىن ئېلى بۇ ئەھۋالنى شۇنداق يازغان ئىدى: «سەپەردە ئۆز زامانىسىنىڭ مەھدى ئۇلىياسى، ئۆز ئەسرىنىڭ بىلقىسى، بارچە جاھان مەلىكىلىرىنىڭ ھىمايىچىسى بىبىخانىممۇ ئىشتىراك قىلدىلەر. ئىلاھىم ئۇلارنىڭ شان - شەۋكىتى بەرق ئۇرۇپ، ئېيپەتلىك خانىمنىڭ شۆھرەتلىرى زېمىن ۋە زاماندا يېيىلغاي. جىمىكى ئىنسانىيەتنىڭ مۆزەپپەر شاھزادىسى، ئاللاھنىڭ نۇرى، پادىشاھنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكى، چەكسىز بەخت - سائادەت خەزىنىسىنىڭ لەئلى دۇرەفشانى بولمىش ئۇلۇغبېك باھادىرمۇ قاتناشتىلەر. ئۇنىڭ ھۆكمى ۋە شۆھرىتى پاراۋان بولغاي...»

گۇدەك ئەمىرزادە دەسلەپتە سەمەرقەندتىن باشقا شەھەرلەرنى، بوۋىسى تۇغۇلغان كېشنى، تېرمىز، بەلخ، بەدەخشان، خولم، ئەرھەك سارىيى، سەمەنگان، ئەندەرئاب قاتارلىق شەھەر ۋىلايەتلەرنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. مىرزا ئۇلۇغبېك تۆت ياشلىق بولۇشىغا قارىماي، ئاللىقاچان خەت - ساۋادىنى چىقىرىپ بولغان. ھەر بىر ئۆتكەن ۋاقىت، بېسىپ ئۆتۈلگەن ھەر بىر مۇساپە ئۇنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى كېڭەيتىپ باراتتى. ئەندەر ئابقا يېقىن بىر مەنزىلدە دەھشەتلىك ۋە غارايىپ ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىسى بولدى. كېچىدە ساھىبقىراننىڭ قارار گاھى ئۇرۇنلاشقان ئوتلاق چېتىدىكى بىر نەچچە چېدىرغا ئاۋغانلار ھۇجۇم قىلىپ، ناھايىتى كۆپ كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەمىر تۆمۈر قارارگاھنىڭ خەۋپسىزلىكىگە مەسئۇل بولغان ئەمىر ۋە نەۋكەرلەرنى مۇناسىپ دەرىجىدە جازالدى. ئاندىن بىر گۇرۇھ يىگىتلەرنى ئەۋەتىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلار ئارىسىدىكى ئاۋغان قەلئەسىنى بويسۇندۇرۇشنى بۇيرۇدى «ئۇلار ئوت چىشلەپ كەلمىگۈچە قويماڭ!» دەپ ئۇقتۇردى ھۇجۇمچىلارغا.

يىگىتلەر ئەتىسى كۆپ ئولجا ۋە ئەسىرلەر بىلەن قايتىشتى. ئۇلار قايتقان يولنىڭ چاڭلىرى تېخى بېسىقماي تۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن بىر تالاي ئاۋغانلارنىڭ كېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇلارنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە ئەمىر تۆمۈر ھوشيار تۇرۇشنى بۇيرۇدى. يېقىنلىشىپ قالغان ئاۋغانلارنىڭ بويۇنلىرىغا قىلىچ ئېسىقلىق، ئوت چىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جاھانگىرنىڭ يۈزى ئاقاردى. ئاۋغانلار قارارگاھنىڭ چېتىغا يېقىنلىشىپ باراۋەر ھالدا تىز چۆكتى. نەۋكەرلەر ئاۋغانلارنى چېدىرنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئوت چىشلەپ تۇرۇشلىرى ئۇلۇغبېكنىڭ كۆلكىسىنى قوزغىدى. شۇ تاپتا بوۋىسىنىڭ

ئۆزىگە تېزلىك بىلەن قارىغانلىقىنى سەزگەن بالا دەرھال
ئۆزىنى بېسىۋالدى. «مانا، كەلدىلەر، بىز سىزنىڭ ماللە-
رىڭىز، دەپ كەلدىلەر» ـ دېدى ئەمىر تۆمۈر ئەسىرلەر-
گە قەھرى بىلەن تىكىلىپ ـ ئاۋغاننىڭ ئادىتى شۇ،
ئۇرۇشۇپ ئاجىز بولىسلا، غېنىمىلىرى ئالدىدا ئوت
چىشلىشىپ كىلىشىدۇ بۇ، «بىز سىزنىڭ ماللىرىڭىز»
دېگەنلىكى ئىمىش. ئۇلۇغبېك ئاۋغانلار توپىغا تىكىلىپ
قارايتتى. چەككىدىكى ئۇرۇق چالغا يېپىشىپ، ئاغزىدا
بىر تۇتام ئوت چىشلەپ تۇرغان، ئۆزىگە تەڭداش كې-
لىدىغان بالىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ،
ھېلىقى بالىغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كىرگەندە
ئاۋغان بالا غۇرۇلاي كۆزلىرىنى كۆتۈردى. ئالدىدىكى
شاھانە كىيىنگەن ئەمىرزادىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ھالىتى
ئاۋغان بالىغا ئەلەم قىلدى. بۇ ھالەتنى كۆزىتىپ تۇرغان
ئەمىر تۆمۈرنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ
نەۋرىسىنى چاقىردى:

—ئۇلۇغبېك! ئۇلارنى سىزگە تاپشۇردۇم. خالىسىڭىز
ھەممىنى ئۆلتۈرگەيسىز، خالىسىڭىز ئازاد ئەتكەيسىز!

ئۇلۇغبېك ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدى. ئۇ نېمە قى-
لىشىنى بىلمەيتتى، كېيىن ياللىتتىدە بورۇلۇپ، بوۋىسىمۇ،
دادىسىمۇ، مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان ئاۋغان بالىغا قارد-
دى. كېيىن يەنە بوۋىسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ پىچىرلىدى:

—مەن ئۇلارنى ئازاد قىلسام... مەيلىمۇ؟

—ئىختىيارىڭىز، ئىبىتتىمغۇ، ئۇلارنى سىزگە تاپ-
شۇردۇم، دەپ! ـ ئۇلۇغبېك بىردىن چەتتە تۇرغان مۇ-
لازىمغا قاراپ بۇيرۇدى:

—سۇ كەلتۈرۈپ ئۇلارغا ئىچۈرگىن! ـ مۇلازىم سۇ
كەلتۈردى. ئۇلۇغبېك كاسەلەرنىڭ بىرسىنى ئېلىپ، ئاۋ-
غان بالىغا تۇتتى. بالا تەشنالىق بىلەن سۇنى ئىچىشكە
باشلىدى. نىھايەت ھەممە ئەسىرلەر سۇ ئىچىپ بولدى.
ئۇلۇغبېك بوۋىسىغا قارىدى:

—بوۋىجان، ئۇلار مېھمانىمىز بولدىلەر، مېھمانىنى
ئۆلتۈرۈش پەزلۇ ـ كەرەم ئىگىلىرىنىڭ رەسمى ئەمەس-
تۇر، ـ تۆت ياشلىق بالىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ گەپنى
ئاڭلىغان ساھىبقىران بىر ھازا قېتىپ قالدى. ئاخىر نەۋرد-
سىنىڭ پاراستىگە قايىل بولۇپ، «داۋاملاشتۇر» دېگەن-
دەك بېشىنى لىڭشىتتى.

—مەن ئۇلارنى ئازاد قىلىمەن! ـ دېدى. ئۇلۇغبېك
ئاۋازىنى يەنىمۇ بەلەن چىقىرىپ، ئەسىرلەرنىڭ يېنىدا
تۇرغان قۇر بېشى ساھىبقىرانغا قارىدى.

ئەمىر تۆمۈر «بېجىرگىن!» دېگەندەك ئىشارەت قىل-
دى. قۇر بېشى ئاۋغانلارغا يېقىنلىشىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ
ۋارقىرىدى. ئاۋغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لېكىن ئاللا
بىر نېمىلەردىن قورقۇپ، ھېيقىشقاندەك قېتىپ قېلىشتى.
ساھىبقىران يېنىدا تۇرغان ئەمىرلەرگە بۇيرۇدى:

—بېرىپ ئېيت، نەۋرەم ئۇلۇغبېك مىرزا ئۇلارنىڭ
گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، ئازات قىلدى. ئەمما، مۇنىڭدىن
كېيىن ئېھتىياتتا بولسۇنلەر، مۇبادا يەنە دۈشمەنلىك بە-
لەن قولۇمغا چۈشۈپ قېلىشسا، نەۋرەم ئەمەس، ئۇلار-
نىڭ تەقدىرىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، ئوت چىش-
لەپ كېلىشكەنلىرىگىمۇ قاراپ ئولتۇرمايمەن!

—ئەمىر يۈگرەپ، ئاۋغانلارغا سۆز ئوقتۇرۇشقا
كەتتى. ئاۋغانلار دەم ئەمىر تۆمۈرگە، دەم ئۇلۇغبېك
تەرەپكە قاراپ، بىر پەس ئېسەنكىرەپ تۇرۇشتى ـ دە،
بىردىنلا ھەممىسى باراۋەر ھالدا تىز چۆكۈپ، باشلىرىنى
يەرگە قويۇشتى. ئاندىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تارقى-
لىشقا باشلىدى. ئۇلۇغبېك بوۋاينىڭ قولىنى مەھكەم
تۇتۇپ كېتىۋاتقان ئاۋغان بالىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ
ئويلايتتى. ئاۋغان بالىسى مۇشۇ يەردە قالغان بول-
سا ـ ھە، بىرگە ئوينىغان بولساق!

توساتتىن ئاۋغان بالا بوينىنى بۇراپ ئارقىسىغا قارد-
دى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلۇغبېكمۇ جىل-
مىيىپ ئىپادە بىلدۈردى. ئاۋغان بالا بولسا خۇددى باي-
قىدەك تىلىنى چىقاردى. ئۇلۇغبېكمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق
قىلدى. كۆپ ئۆتمەي ئەسىرلەر توپى كۆزدىن يوقالدى...

(خۇرشىدە دەۋراننىڭ «ساھىبقىران نەبىرىسى» ناملىق كى-
تابىغا ئاساسەن رەتلەندى)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى


## مىراس ژۇرنىلىنىڭ بىلدۈرگۈسى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەر-
لەرنى رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنىڭ
قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!
«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# خىيانەتچى ئەمەلدار قانداق بولىدۇ



2005.1

مەلۇم بىر سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئويۇن قويۇش سىنىپى بىر تۈركۈم كۆرسانتلارنى قوبۇل قىلدى. دەرس باشلاشتىن بۇرۇن مۇئەللىم بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانچىلىك ئاساسىي بارلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ كۆپچىلىككە:

—قېنى كىم ئىشچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ باقىدۇ، — دېدى.

تۆۋەندە ئولتۇرغانلار بىر پەس قۇلاق يېقىشتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن قارىغاندا بۇ رولنى كۆڭلىدە پىشۇرۇپ بولغاندەك قىلاتتى. بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ:

—مېنىڭچە بۇ رولنى مۇنداق ئېلىش كېرەك، —دەپ بىر قۇر خىزمەت كىيىمى، ئىشچىلار شەپكىسىنى كىيىپ، قولىغا ئۇزۇن كۆلۈچنى ئېلىپ قەددىنى رۇسلاپ ئۇدۇل ئالدىغا قاراپ ھەرىكەت قىلدى.

مۇئەللىم گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

—ئۇنداقتا دېھقانىنىڭ ئوبرازى قانداق بولىدۇ؟ —دەپ سورىدى. تۆۋەندە ئولتۇرغانلار يەنە بىر قېتىم پىكىرلەشتى. بىر ئوقۇغۇچى بېشىغا لۆڭگە، ئۇچىسىغا كەمزۇل كىيىپ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ، پۇتلىرىنى يالىڭاچلاپ يەر ئوتاۋاتقان بىر ئوبرازنى ياراتتى. مۇئەللىم يەنە:

—زىيالىيچۇ؟ —دەپ سورىدى. بىر قانچە ئوقۇغۇچى پەس ئاۋازدا قىسقىغىنا كۇسۇرلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرى زەر گىرۋەكلىك كۆزەينەك تاقاپ، قولىغا كىتاب ئېلىپ سىپايە قىياپەتتە تۇردى.

—كارخانىچىچۇ؟

ئوقۇغۇچىلار قىسقىغىنا كېڭەشتى. بىر ئوقۇغۇچى ئۇچىسىغا شىم ـ كاستۇم، بەتىنكە كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ پارقىرىتىپ، ئوڭ قولىدا سىپىرلىق چامادان كۆتۈرۈپ، سول قولىغا يان تېلېفون ئالدى.

—ئۇنداقتا رەھبىري كادىرلارچۇ؟

بۇنىڭغا كەلگەندە كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىشمىدى. بىر قانچەيلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ غادىيىپ، قوللىرىنى كۇچەپ پۇلاڭلىتىپ، جاراڭلىق ئاۋازدا:

(داۋامى 67 ـ بەتتە)

# ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تۇخۇم

پۈتكۈل توخۇ جەمەتىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ يەر شارىدىكى ئورنىدىن — ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ ئوزۇقلۇق قىلىشىدىن نارازى بوپتۇ. خوراز شاھ توخۇ جەمەتىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، مېكىيان خانىشلارنى يىغىپ ئۇلارنى كېڭەشكە چاقىرىپتۇ.

— ئىنسانلارنى توخۇ يەيدىغان پەيلىدىن ياندۇرۇش بەسى مۈشكۈل، — دەپتۇ بىر مېكىيان، — چۈنكى ئۇ ئىلگىرى بىر قەلەمكەشنى ئۇن جىلىڭ تۇخۇمغا سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا: «توخۇ گۆشى يېگەنلەر ئاسانلا راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يازدۇرۇپ، گېزىتتە ئېلان قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلار يەنىلا بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، توخۇ گۆشىنى يەۋەرگەنىكەن.

— مېنىڭ قارىشىمچە، ئىنسانلارنىڭ بىزنى يېيىشى ھەرگىزمۇ بىزگە ئۆچمەنلىكىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى بىزدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىدىن بولغان، شۇڭا ئالىيلىرىنىڭ بارلىق مېكىيانلارغا تۇخۇم تۇغماسلىق خۇسۇسىدا بىر يارلىق چۈشۈرگىنى تۈزۈككىمكىن، شۇنداق بولغاندا، مەن مەيدە قاقالايمەنكى، ئىنسانلار بىزگە ھەرگىزمۇ ھازىرقىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلمايدىغان بولىدۇ، — دەپتۇ

(بېشى 66 ـ بەتتە)

— يولداشلار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىزگە تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. بىز ئىدىيىمىزنى توغرىلاپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز لازىم، — دېدى.

بۇ چاغدا مۇئەللىم گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— قارا جەمئىيەتنىڭ كاتتىۋېشىچۇ؟ — دېدى.

مۇئەللىم گېپىنى دەپ بولۇشىغىلا، بىر ئوقۇغۇچى قارا كۆزەينەك تاقاپ، كۇبا پاپىروسى چېشلەپ، بوينىغا مارجان ئېسىپ، قولىغا ئۈزۈك سالدى. مۇئەللىم بۇ ئوبرازلاردىن ناھايىتى رازى بولدى ـ دە، ئەڭ ئاخىرىدا:

— كىم خىيانەتچى ئەمەلدارنى دورىيالايدۇ؟ ـ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك باش چايقىشىپ خىيانەتچى ئەمەلدارنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

ئارىدىن بىر ئوقۇغۇچى:

— مۇئەللىم، بىز خىيانەتچى ئەمەلدارنى كۆرۈپ باقمىساق قانداق ئوينايمىز؟ خىيانەتچى ئەمەلدارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىڭ، — دېدى.

مۇئەللىم كۈلگىنىچە:

— سىلەر ئىشچىلارنى، دېھقانلارنى، زىيالىيلارنى، كارخانىچىلارنى، ھەتتا قارا جەمئىيەت كاتتىۋېشىنى دورىيالايسىلەر، ئەمما خىيانەتچى ئەمەلدارنى قانداق دوراشنى بىلمەمسىلەر؟ ئەمەلىيەتتە خىيانەتچى ئەمەلدارنى دوراشنى تەس دېسەك تەس، ئاسان دېسەك ئاسان. خىيانەتچى ئەمەلدارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئىشچىلار قاتارىدا تۇرسا، ئىشچى قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. دېھقانلار قاتارىدا تۇرسا، دېھقان قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. كارخانىچىلار بىلەن بىللە بولسا، كاتتا خوجايىن قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. زىيالىيلار بىلەن بىللە بولسا، كاتتا ئۆلىماغا ئايلىنىۋالىدۇ. ئەگەر قارا جەمئىيەت كاتتىۋاشلىرى بىلەن ئارىلاشسا، قارا گۇرۇھ كاتتىۋېشىنىڭ دەل ئۆزى، خالاس. ئۇنداقلار كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىنسان سىياقىدا سۆزلىسە، ئارقىسىدىن شەيتان سىياقىدا سۆزلەيدۇ. يۈزىدە ئىنساننىڭ ئىشىنى قىلسا، ئارقىسىدىن شەيتاننىڭ ئىشىنى قىلىدۇ.

بىر ئوقۇغۇچى:

— بۇ تېپىنىڭ تازا قىزىقتۇرغۇچىلىكى يوق ئىكەن، — دېدى.

مۇئەللىم:

— مەن سىلەرگە خىيانەتچى ئەمەلدارنى پەرق ئېتىشنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرەي، چىراي تۇرقىدىن قارىغاندا خىيانەتچى ئەمەلدارنىڭ بەزى چاغلاردىكى كۆرۈنۈشى پاك ئەمەلدارلارغا بەكمۇ ئوخشايدۇ، — دېدى.

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىن ئېلىندى.

غوپۇر ۋاھىدى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

www.uyghurkitap.com



يەنە بىر قېرىراق مېكيان.

—تۇخۇم تۇغۇشنى توختىتىش؟!—خوراز شاھ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

—دۇرۇس، تۇخۇم تۇغۇشنى توختىتىش كېرەك، تۇخۇم بولمىسا، چۈجىمۇ بولمايدۇ، بۇ ئىشتىن ئىنسانلارنىڭ چوقۇم بېشى قاتماي قالمايدۇ، —دەپتۇ مېكيان.

خوراز شاھ بەش مىنۇتتىن كېيىن پۈتكۈل توخۇ جەمەتىدىكىلەرگە: «تۇخۇم تۇغۇش توختىتىلسۇن!» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئىنسانلار پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق توخۇلارنىڭ تۇخۇم تۇغماس بولۇپ قالغىنىنى بايقىغان چېغىدا، يەر شارىدا پەقەت ۋە پەقەت بىر تاللا تۇخۇم قالغانىكەن.

ئىنسانلار مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى، توخۇدىن بىرنى يېسە، يەر شارىدا توخۇدىن بىرسى ئازلايدىغانلىقىنى، ئەڭ ئاخىرىدا توخۇ نەسلىنىڭ قۇرۇيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپتۇ. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس بىر جىددىي يىغىن چاقىرىپتۇ. يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا ئەتىۋارلىق قۇش «توخۇ»نى قوغداش خۇسۇسىدا بىر قانۇن تۈزۈپ چىقىلىپتۇ.

توخۇلار ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ زىدىيەس ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، ئەتىۋارلىق ھايۋانلار قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ. كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىرەر توخۇسى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان بوپتۇ. ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ ئورنى بىراقلا نەچچە مىڭ گەز تۆۋەنلەپتۇ. ئېسىلزادىلەر توخۇلىرىنى يېتىلىشىپ باغچىلاردا سەيلە قىلىدىغان بوپتۇ. بىر توخۇنىڭ باھاسى ئۆسۈپ بىراقلا نەچچە مىڭ دوللارغا چىقىپتۇ. يەر شارىدا قېپقالغان ھېلىقى بىردىنبىر تۇخۇمنىڭ نەرخى بىر شەھەرنىڭ باھاسىغا تەڭلىشىپ، ئۇنى ئىككى پولك ئەسكەر قوراللىق قوغدايدىغان بوپتۇ. بۇ تۇخۇمنى تۇغقان ھېلىقى مېكيان خوراز شاھنىڭ يارلىقىدىن ئەڭ ئاخىرىدا خەۋەر تاپقىنى ئۈچۈن، ئۇنى تۇغۇپ سالغانىكەن. شۇڭا ئۇ يەر شارىدىكى ئاشۇ بىردىنبىر تۇخۇمنىڭ ئانىسى بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ توخۇلارنىڭ نەسلىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماسلىقتىن ئىبارەت ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلاپتۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى دانلارنى بېرىپ، ھەشەمەتلىك بىر كاتەك سېلىپ بېرىپتۇ. گېزىتكە، تېلېۋىزورلارغا چىقىرىپتۇ. بۇ مېكياننىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان نام-شۆھرىتى توخۇ جەمەتىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپتۇ. ئۇلار: «ھەممىمىز ئوخشاش توخۇغۇ ئۇ، نېمىسىگە تايىنىپ ئاشۇنداق ياخشى دانلارنى يەپ، ھەشەمەتلىك كاتەكلەردە ياتىدۇ، يەنە تېخى تېلېۋىزورلارغا چىقالايدۇ؟ چۈنكى بۇ ئۇنىڭ يەر شارىدىكى ئاشۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تۇخۇمنى تۇغۇپ قويغىنى ئۈچۈندۇر» دېيىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە بىر مېكيانمۇ خوراز شاھنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ، بىر تال تۇخۇم تۇغۇپتۇ. بۇ مېكيان دەرھاللا پۈتكۈل يەر شارىدىكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان تەمىنات ئالدىنقى مېكياننىڭكىدىنمۇ بېسىپ چۈشۈپتۇ.

توخۇ جەمەتىدە كۈچلۈك تەۋرىنىش پەيدا بوپتۇ. ئارقىدىنلا ئۈچىنچى توخۇممۇ دۇنياغا كەپتۇ، تۆتىنچى تۇخۇممۇ كاكىلىنىپتۇ، بەشىنچى تۇخۇممۇ تۇغۇلۇپتۇ، ئالتىنچى تۇخۇممۇ دۇنياغا كېلەيلا دەپ قاپتۇ...

خوراز شاھ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، دەرھال يەنە بىر قېتىم يارلىق چۈشۈرۈپ، مېكيانلارنىڭ تۇخۇم تۇغۇشنى توسماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئاللىقاچان تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانىكەن. مېكيانلار بىر-بىرىدىن ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن بەس-بەستە تۇخۇم تۇغۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توخۇنى قوغداش قانۇنى ئەمەلدىن قاپتۇ. كىشىلەرمۇ ئەمدى توخۇ يېتىلەپ باغچىلاردا سەيلە قىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. توخۇ يەنە يېڭىۋاشتىن تاماق ئۈستىلىگە چىقىپتۇ. خوراز شاھ بۇنىڭغا نارازى بولۇپ، داۋاملىق يارلىق چۈشۈرۈپ، مېكيانلارنىڭ تۇخۇم كاكىلىشىنى توسماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما مېكيان خانىشلار ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

—ئەمدى بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئىنسانلار ئاللىقاچان مېكيانلارنىڭ تۇخۇم تۇغماسلىقىغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغان چارىنى تېپىپ بولدى، —دېيىشىپتۇ.

جېڭ يۈەنجيې ئىمزالىق بۇ ئەسەر خەنزۇچە «تاللانغان فېلەيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن ئېلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى

## خېنە

يېزىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ هويلىسىدا، بەزىلەرنىڭ بېغىدا ئۆستۈرۈلىدىغان خېنە توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر يوقنىڭ ئورنىدا. ئۇ خەلق تېبابىتىدىمۇ ئانچە جىق قوللىنىلمايدۇ. بار ـ يوق خىسلىتى ئۇنى ئوسمىغا ئارىلاشتۇرۇپ، قايناتما تەييارلاپ، باشنى يۇيسا كېپەكنى يوقىتىدۇ. چاچنىڭ چۈشۈشىنى توختىتىدۇ، ئاقارغان چاچ قارىيىدۇ. ئۇلارنى داۋالىمىسىمۇ ئادەم ياشاۋېرىدۇ. مېنى قولۇمغا قەلەم ئالغۇزغىنى خېنىنىڭ تاپاننىڭ قىزىشىنى يوقىتىپ، بارماقلار بېشىدىكى ئەتتىكەننى توختىتىشى بولدى.

تا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىغا قەدەر يېزا قىزلىرى قوللىرىغا خېنە قوياتتى. ئۇنىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: خېنىغا زەمچە ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تۆمۈر هاۋانچىدا يۇمشاق سوقۇپ، ئاخشىمى خېنە بىلەن زەمچە ئارىلاشمىسى ئالىقانغا سىلىنىدۇ ۋە بارماقلار يۇمۇلۇپ تىرناق ئۈستىگىمۇ قويۇلۇپ، قېرىقىز يوپۇرمىقى بىلەن ئورىلىپ، ئۈستى ياغلىق بىلەن باغلىنىدۇ. بۇ باغلاق ئەتىگەنلىكى يېشىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ياز بويى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىناتتى. خېنە بويىقى ئالىقان ۋە بارماقلاردا يۇيسىمۇ چىقماي ئۇزاق ساقلىناتتى.

مومام مەرىيەمخاننىڭ دېيىشىچە خېنە قويغان قىزنىڭ بارماقلىرى ئەتتىكەن بولمايدۇ، قولى ئاغرىمايدۇ. بۇ تەرىپلەر مۇشۇ قۇرلار مۇئەللىپىنىمۇ بىر نەچچە قېتىم خېنە قويۇشقا مەجبۇر قىلغان. بىراق خېنە تەركىبىدە قانداق ماددىلارنىڭ بارلىقىنى مومام نەدىن بىلەتتى دەيسىز، ئۇنىڭدىن بۇگۈنمۇ مېنىڭ خەۋىرىم يوق. ئەمما قولى ئەتتىكەن قىزلار كۆپ. چۈنكى هازىرقى زامان قىزلىرى خېنە قويمايدۇ. مېنىڭچە بولغاندا ئۇيغۇر قىزلىرى شۇ كونا ئادەتنى جانلاندۇرۇپ، خېنە قويسا ئۆز قولىنى ئۆزى ئاسرىغان بولاتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە ياپپاش قىزلارنىڭ قولۇم ئاغرىيدۇ دېگىنىنى ئاڭلىغىنىمدا قوۋۇرغىلىرىم ئېگىلىپ كېتىدۇ. ج. ئىسمىلىك خادىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



نۆۋەتتىكى ئوتپۇسكىدىن ئىشقا قايتتى. مېنى يېشى يېتىپ قالغان ئايالىنىڭ قولىغا خېنە قويۇۋالغىنى ئەجەبلەندۈردى.

— ياشلىقىڭىزنى ئەسلەپسىزدە، دەم ئېلىشتا يۈرۈپ، — دەپ چېقىشتىم.

— ئۇ دېگىنىڭىز توغرا، — دېدى ج. مىيىقىدا كۈلۈپ، — بىراق، ئاساسىي نەرسە قوللىرىمنىڭ ئەتتىكەن بولۇشى ئەمەس، كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاپىنىم قىزىپ ئارامىمنى يوقىتىپ قويدۇم. مومام رەھمىتى «يادىڭدا بولسۇن، مۇبادا تاپىنىڭ قىزىپ بىئارام قىلسا، دەررۇ قولۇڭغا خېنا قوي»، دەيتتى. مومامنىڭ شۇ تەلىمىنى ئەسلىۋىدىم، سەت كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟

— ياق، ئاتا ـ بوۋىلار ئەخمەق ئادەملەر ئەمەسقۇ. مېنىڭ تەخمىنىمچە، ئۇلار ئۇنى ھايات تارازىسىدا ئۆلچەپ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار بىزگە يېتىپ كەلگەن.

ئاڭلىغان قۇلاقتا نېمە ئەيىب بولسۇن! ج. نىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانغا قەدەر «تاپىنىم قىزىيدۇ، — ئۇنىڭغا نېمە دورا؟» دېگەنلەرنى كۆپ ئاڭلىغان. بەختكە قارشى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەممىسى دورا تېپىۋالدىمۇ، بىرەرسىنىمۇ ئۇچراتمىدىم.

ھە راستلا، بىر يىلى ئانام رەھمىتى بىزنىڭ ئۆيدە بەش ـ ئون كۈن بولۇپ، ئاندىن تاشتىقارىغا كېتىۋىدى. (ئۇ يەردە مېنىڭ قېرىندىشىم تۇرىدۇ). شۇ يەردە ئاپامنىڭ تاپىنى قىزىپ خېلى ئاۋارە قىلغان ئوخشايدۇ. كېيىن سىڭلىمدىن «قوينىڭ يېغى بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئانام سىڭلىم ئالدىغا كەلتۈرگەن ياغدىن قەلەي قوشۇقتا ئېلىپ، دوخوپكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى تاپىنىغا مايلاپتۇ. ئۇنى ئۇدا ئۈچ كۈن كېچىسى مايلىغان.

— بىرىنچى كېچىنىڭ ئۆزىلا جېنىم ئارام ئېلىپ، شۇنچىلىك قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەنكى، ئويغانسام ئۇششاق باللار مەكتەپكە كېتىپتۇ، — دەيدۇ ئانام، — ھازىر تاپىنىم جىم، بالام، بۇنى قۇلىقىڭدا تۇت. كېرەك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

مەنمۇ ھازىرچە ئۇ ئاغرىققا تېخى دۇچار بولغىنىم يوق. ئەمما ئۇ ئادەم تاللىمايدۇ. بۈگۈنكى تاپچىلىق زاماندا قوينىڭ قۇيرۇقىنى تېپىش ھەممىگە نېسىپ بولۇۋەرمەس. خېنىنى تېرىپ قويسا قانداق ياخشى.

## بالياتقۇنىڭ تۆۋەن چۈشۈشى

بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ، ئېھتىياتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇسۇل. لېكىن ئادەم قىلغاننى ئادەم نېمىشقا قىلالمايدۇ؟ دېگەن نەزەردىن قاراپ ئۇنى ھېكايە قىلماقچىمەن. چۈنكى تۇرمۇشتا بالياتقۇسى ئورنىدىن قوزغىلىپ دەرد تارتىۋاتقان ئاياللىرىمىز ئاز ئەمەس. بۇ شۇلارغا قىلغان بىر ساۋابلىق ئىش بولسۇن، دېدىم. ئورنىدىن تامامەن چۈشۈپ، تېشىغا چىقىپ قالغان بالياتقۇنى پەقەت كەسپىي دوختۇرلار ئاغرىقخانىلاردا داۋالايدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى ماڭا ئا ئىسىملىك كىشى ئۆز ئاغزىدا ئېيتىپ بەردى.

— ئايالىمنىڭ ئىككى بىقىنى قىسىپ، قورسىقى تۆۋەن تارتىپ ئاغرىپ بولمىغاندىن كېيىن، — دەيدۇ ئا، — دوختۇرغا بارغانىدى. ئۇلار ئۆيدىكىلەرگە «بالياتقۇلۇق تۆۋەن چۈشۈپ كېتىپتۇ»، دەپ دىئاگنوز قويۇپ، جىققىدە دورىلارنى بېرىپتۇ. ئۇلارنى خېلى ئۇزاق ئىچتى. ئەمما، ئايالىم ئۇنىڭ بىلەن ياخشى بولۇپ كەتمىدى. كۈندىن ـ كۈنگە جۇدەپ قۇرۇشقا باشلىدى. شۇندا ئۆز ئانامنىڭ شۇنداق ئاغرىق بىلەن ئالدىغا كەلگەن (ئۇ ۋاقىتلاردا مەن تېخى كىچىك بالا ئىدىم) ئاياللارنى قانداق داۋالىغانلىقى يادىمغا چۈشتى. بۇنى مەن ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ بېرىپ، ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلەشتۇق.

شۇنىڭ بىلەن كەچقۇرۇنلۇقى ئايالىمنى يەردىكى گىلەم ئۈستىگە ياتقۇزدۇم ۋە ئىككى پۇتىنى تىزىنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈپ سىپايىلىق بىلەن كەينىگە قارىتىپ، ئاستا سىلكىدىم. ئانام شۇنداق قىلاتتى ۋە تاپىنى بىلەن دۈۋسۈنغا تېپىپ قوياتتى. مەن ئۇنداق قىلمىدىم. ھېلىقى سىز بەرگەن قېلىن يوپۇرماقلىق تىكەن گۈلنىڭ (ئالوي) شىرنىسىنى چىقىرىپ ئىچكۈزدۈم. سىلكىشنى ئۈچ كۈن ئۇدا قىلدىم. بىراق شىرنىنى ئۇزاق ئىچتى. مۇشۇ كۈنلەردە، خۇداغا شۈكۈر، ئايالىم ئۆزىنى ياخشى ھېس قىلىپ يۈرىدۇ. ئاغرىقنى ئاغزىغا ئالمايدۇ. يېزىلارنى ئارىلاپ كاماندىرۇپكىدا يۈرگىنىمدە بىر ئۆيگە يىغىلىپ، تۆت ـ بەش كۆڭلى يېقىن ئاغىنە ئولتۇراتتۇق. شۇندا «ئۆيگە كىشى كېلىپ قالدى» دەپ ئاغىنىلەرنىڭ بىرىنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭغا ھېچكىم ئەجەبلىنىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ كەتكىنىنى مەن كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم. ئەتىسى ئىككىمىز يەنە دىدار كۆرۈشتۇق.

— ئاخشام ئۆيۈڭلەرگە كىم كەپتىكەن؟ — دەپ سورىدىم.

— سىزدىن نېمىسىنى يوشۇراي، ئورنىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئاشقازاننى كۆتۈرۈش ھۈنىرىم بار ئىدى، — دېدى ئاغىنىمىز، — ئاخشام قوشنا يېزىدىن بىر ئايال ئوغلىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭغا سەۋەب قىلدىم.

— ناھايىتى ياخشى ھۈنىرىڭلار بار ئىكەن، ئاداش، ئۇنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز، يا مەخپىيەتمۇ؟

2005.1

— ئۇنىڭ نېمىسى بار؟ بەربىر سىز مېنىڭ ھۈنىرىمنى تارتىپ ئالالمايسىز، — دېدى دوستىمىز ۋە ئورنىدىن قوزغالغان بالىياتقۇنى قانداق كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى، - ئالدى بىلەن بىمارنىڭ قورسىقىنى كېيىنگە، يەنى تۆشى تەرەپكە ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن سىيرىپ سىلايمەن. ئاندىن پۇتنى كۆتۈرگۈزۈپ قويۇپ، يەنە سىپايىلىق بىلەن ئىككى - ئۈچ سىلكىپ يەرگە ئاستا چۈشۈرىمەن ۋە يۇمشاق يەرگە ئوڭدىسىغا ياتقۇزىمەن. بەش - ئون مىنۇت دەم ئېلىپ يېتىشى شەرت. بىر قېتىمدىلا ئىش پۈتمەيدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ ئاشقازىنى بىرىنچى قېتىمدىلا ئۆز ئورنىغا چۈشىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۈچ قېتىم ئۇدا كېلىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئورگانىزمى ئوخشاش ئەمەسقۇ. بىراق شۇنىڭدىن كېيىن بىمار كەم دېگەندە 15 كۈن ئۆزىنى قەتئىي ساقلىشى لازىم.

يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى خەلق ئارىسىدا ئاندا - ساندا ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇنى بىلگەن بىلىدۇ، بىلمىگەنلەر جىم. ئازاب چېكىۋاتقانلار قانچىلىك؟ ئۇنداق بولسا بۇ ئاددىي، لېكىن نەتىجىسى يۇقىرى ئۇسۇلنى نېمىشقا تەرغىپ قىلمايمىز؟

## سۈيدۈك تۇتۇلۇش

بىرەر ھەپتە كاماندىرۇپكىدا بولۇپ كەلسەم، ئۆيدىكىلەر:

— چىۋىن قالتىس دورا ئىكەن، — دەپ، ماڭا يا ئاتام، يا ئانام ئاڭلاپ كۆرمىگەن يېڭىلىقنى تەخسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئۆيدە ئولتۇرۇپ تاپقىنىڭ شۇمۇ؟ بەلكى تاشمۇ دوردۇ! — دەپ تەنە قىلدىم، — مۇشۇ ئايال كىشى دېگەننىڭ تاپمايدىغىنى يوقتە!

— سىز تېرىكمەڭ، — دەيتتى ئۆيدىكىلەر سوغۇق قانلىق بىلەن، — ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ھېلىقى موماي يەنە بىر كىتاب تېپىپ كەپتۇ، بىر ھەپتىگە سوراپ كەلگەن ئوخشايدۇ، «كامال خەيرلىك ئىشنى قولىغا ئالغان ئىكەن ئاخىرىغا چىقسۇن» دەيدۇ. ئاخشام كىرىپ چىقىپ كەتتى.

— ئەجۈشكىنە، نېمە كىتاب ئىكەن ئۇ، مەن كۆرەي، — دەپ بايىقىدىن سەل بوشىشىپ سۆزلىدىم. كىتابقا ئىشەنمەيدىغان ئۆيدىكىلەر مېنى ساقلاتمايلا كىتابنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— سىزغۇ كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ، قولىڭىز بىلەن تۇتمىغىچە ئىشەنمەيدىغان ئادەم، — دەپ كىتابنى قولۇمغا بەردى.

م. ئا. كوزلوفنىڭ «جىۋئىي ئورگانىزمى — سپۇتنىكى چېلاۋېكا» دېگەن كىتابى بولۇپ، كىتابتا تەكىتلىنىشىچە، چىۋىن سۈيدۈك ماڭدۇرىدىغان دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىكەن. ئاتاقلىق رۇس ۋراچ، پروفېسسور س. بوتكىننىڭ تەكلىپى بىلەن 1876 - يىلى ئالىمنىڭ شاگىرتى ت. ئى. بوگامولوف چىۋىننىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا قىلىدىغان تەسىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن سۈيدۈك ماڭدۇرىدىغان دورا ئىشلىگەن. شۇنداق قىلىپ، چىۋىن دورا سۈپىتىدە ئىلمىي تېبابەتچىلىككە كىرگەن. لېكىن بۇ «مەينەت» دورا دەپ ئۆتمەي ئەمەلدىن قالغان. بىراق بەزى دوختۇرلار بۇ دورىنى بۈگۈنمۇ جىددىي ئەھۋالدا باشقىلارغا سەزدۈرمەي قوللىنىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ.

دۇنياغا مەشھۇر س. پ. بوتكىن چىۋىننىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىگە ئىقرار بولۇۋاتقىنىدا، تۇرۇپلا خىيالىمغا چىۋىننى يىغىپ قۇرۇتۇپ قويۇش كەلدى. دورىخانىغا باردىم - دە چىۋىن ئۆلتۈرىدىغان پالاق سېتىۋالدىم. ئاشخانىدا ئولتۇرىمەندە، چىققان چىۋىننى پالاق بىلەن ئاستا شاققىدە ئۇرۇپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان سەرەڭگە قېپىغا سالىمەن. شۇنداق قىلىپ، بەش سەرەڭگە قېپى چىۋىنگە توشتى. كېرەك تاشنىڭ نېمە ئېغىرلىقى بار؟ كېيىن مەن تاشكەنتكە ئىشقا يۆتكەلدىم. بىراق تۇرار جايىم ئالمۇتا. چاقىرغاندا تاشكەنتكە بېرىپ قايتىمەن. بىر كۈنى كەلسەم:

— بىرى كۈندە دېگۈدەك تېلېفون بېرىپ بېشىمنى قاتۇرۇۋەتتى، — دەيدۇ ئۆيدىكىلەر، — كېرەك ئىدى دەيدۇ.

— كېرەك بولسام، ئىزدەپ يەنە تېلېفون قىلار، — دەپ ئولتۇرۇشۇمغا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تۇرۇپكىنى ئالسام، غ. ئىسمىلىك تونۇشۇم ئىكەن.

— ئاكا، سېنى تۇتۇش تەس بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ سالام سائەتتىن كېيىن.

— گەپ بارمىدى؟

— ئايالىمنىڭ ھەددىسى ئاغرىق ئىدى. ھازىر سۈيدۈكى تۇتۇلۇپ قېلىپ ناھايىتى قىينىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا بىر مەسلىھەت بەرسىكەن دەپ.

— قېرىندىشىم، ئىشەنچىڭگە رەھمەت، بىراق ھەددەڭ بىر، ئايالىڭ بىر دورىخانىنى باشقۇرۇۋاتىدۇ. ھەممىسى ئالىي مەلۇماتلىق دوختۇرلار. سىلەرگە قانداق مەسلىھەت بېرىشىم مۇمكىن؟

— دورىخانىنى باشقۇرغىنى بىلەن قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيۋاتامدۇ؟

— ئۇكا مۇنداق قىلايلى. سەن ئايالىڭ ياكى ھەددەڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەسلىھەتلەش. مەن كوزلوف دېگەننىڭ كىتابىدىن ئالدى سۈيدۈكى تۇتۇلغانغا قۇرۇتۇلغان چۈننى ئىچىش توغرىسىدىكى مەسلىھەتنى ئوقۇغان. ئەگەر ھەممىسى رازى بولسا، قايتىدىن تېلېفون قىل، مەن ئۆيدە بولىمەن، شۇنى بېرەي.

ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتمەيلا غ. يەنە تېلېفون قىلدى. مەن ئوقۇغان كىتابنى ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئوقۇغان ئىكەن. لېكىن چۈننىڭ دەل شۇ ئاغرىققا دورىلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. «شۇ دورىسىدىن بەرسۇن، بىز ھەققىنى تۆلەيلى» دېگۈدەك، ماڭا پۇل ئەمەس، ئادەم ھاياتىنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتىم.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتۈپ غ. نىڭ تەكلىپى بىلەن يەنە بىر ئايال دورا سوراپ كەپتۇ. سىڭلىسى ئاغرىۋاتقان ئىكەن. قارىماققا بۇ بىر كۆلكىلىك ئىش. ئامما قېرىندىشىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلارغا ئاپىرىن ئېيتتىم.

چۈننى ئىشلىتىش ئۇسۇلى: قۇرۇتۇلغان چۈننى تۆمۈر ھاۋانچىدا سوقۇپ تالقانلاش لازىم. ئاندىن ئۇنىڭدىن كىچىككىنە بىر چىمدىم ئېلىپ، يا قايناقسۇدا ياكى سىنچايغا قوشۇپ، كۈنگە ئۈچ قېتىم ئىچىش كېرەك. ئارقىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ، سۈيدۈك مېڭىشقا باشلايدۇ.

بىزنىڭ مىكرو رايوندا تۇرسۇن ئىسىملىك قوشنا بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق. ئايالى بۆرەك ئاغرىقىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

— ئايالىمنىڭ سۈيدۈكى ماڭماي، كۆپتەك ئىششىپ كەتتى، — دېدى ئۇ پاراڭدىن پاراڭ چىقىپ، — دوختۇرخانىدىن ئۆيگە قايتۇرۇۋەتتى. نېمە قىلارىمنى بىلمەي بېشىم قېتىپ ئولتۇراتتىم. قوشنا بوۋاي ئەھۋال سوراپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭدىن يوشۇرماي ئېيتتۇق.

— ئەگەر بۆرەك ساق بولسا، — دېدى ئۇ، - ئىششىقنىڭ كارى چاغلىق. زەي يەرگە كىرسەڭ ئېشەك قۇرتى بار. شۇنىڭدىن يەتتە تال تېرىپ، سەل سوۋۇتۇلغان قايناق سۇدا ئەزسەڭ، سۇ خۇددى سۈت قوشقاندەك بولىدۇ. ئۇنى داكىدا سۈزۈپ بىمارغا كەينى - كەينىدىن ئىچكۈز. ئۈچ - تۆت سائەتتىن كېيىن، سۈيدۈككە ئىگە بولالماي قالىسىلەر. مۇبادا بۆرەك تازا بولسا، ئايالىڭ ئەتىلا يەر دەسسەپ تۇرۇپ كېتىدۇ.

بوۋاينىڭ ئېيتقىنىدەك قىلدۇق. بۇ دورا سۈيدۈكنى شۇنچىلىك قوغلىدىكى، سۇنىڭ تۈگمەي چىقىۋاتقىنىغا ھەيران قالدۇق. بىراق، بەختكە قارشى رەمتىنىڭ ھەر ئىككى بۆرىكى كاردىن چىققانىكەن.

يۇقىرىدا سۇلۇق ئىششىقتا (ۋودىيانكا) رۇسلارنىڭ چۈننى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېشەك قۇرتىنى (ئۇيغۇر ناھىيىسىدە بۇ زەي قۇرتى ھۆدېسلىم دېيىلىدۇ) دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېكايە قىلىندى. راست، ھەر ئىككىسى ئادەمنىڭ كۆڭلى تارتمايدىغان نەرسىلەر. ئىلاج قانچە، يامانىنىڭ دورىسى يامان دەيدىكەن.

## بەل ئۈزۈش

مۇشۇ كۈنلەردە نەگىلا بارماڭ، ئىككىنىڭ بىرىدىن «بېلىم ئاغرىيدۇ» دېگەن شىكايەتلەرنى ئاڭلايسىز. بېلىگە تۆگە يۇڭىدىن ياكى ئىتنىڭ تېرىسىدىن ئىشلىگەن بەلدەمچە باغلاپ يۈرگەنلەر كۆپ، بىز بالا چاغلاردا ھېلىمۇ يادىمدا، پەقەت چوڭ ياشتىكىلەرنىڭ بەزىلىرىلا بەل ئاغرىقى توغرىسىدا گەپ قىلاتتى. ھازىر بۇ ئاغرىق ھەتتا ياپياش باللاردىمۇ ئۇچرىشىپ يۈرىدۇ.

راست، بەل ئاغرىقىنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى ۋە سەۋەبلىرى بار. ئۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ ئاغرىقى بۆرەكتىن، بەزىلەرنىڭ ئۇمۇرتقىغا تۇز يىغىلغاندىن، بەزىلەرنىڭ سوغۇق تەگكەندىن، يەنە بىرلىرىنىڭ جۇغىغا قارىماي ئېغىر يۈك كۆتۈرگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەرقايسىسىغا ئۆز لايىقىدا ياندىشىپ داۋالاش ئىشىنى يۈرگۈزۈش لازىم.

ئۆتمۈشتە تۇخۇم سېرىقىغا تەرتەز يارمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇدا ئۈچ كۈن چاپلايتتى. يەنە بىر ئۇسۇلى، ئۇنى ھازىرقى ياشلار بىلمەيدۇ. چوڭلارنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلگەن. بىز بالا ۋاقتىمىزدا بېلى چىم بولۇپ قالغان ئادەم قاتتىقراق يەرگە دۈم ياتقۇزۇلاتتى. (بۇ مېنىڭچە بولغاندا ھازىرقى ماسساجنىڭ بىر تۈرى) ۋە بارماقلار بىلەن بەلنىڭ تېرىسى تارتىپ سوزۇلاتتى. ئاخىرىدا بىمار ئورنىدىن تۇرغۇزۇلۇپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرگۈزۈپ، ئالقانلىرىنى بېشىنىڭ كەينىگە قويغۇزاتتى. ئاندىن بەل ئۈزگۈچى ئۇستا بىمارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئىككى جەينىكىنى قوشۇپ قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئۈچ - تۆت سىلكەتتى. شۇندا بەل غاس - غاس قىلىپ قالاتتى. كېيىن بىمار دەم ئالاتتى. ئاغرىق بىردەمدىن كېيىن بېسىلىپ، بىمار ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلاتتى. بېلىنى داۋاملىق ئۈچ كۈن بىر مەزگىلدە ئۈزگەن ياخشى.

كېيىنكى يىللىرى ئىش يۈزىدە بولغان يەرلىرىمىزدە خەلق تېبابىتىدە بار بۇ ئاددىي ئۇسۇلنى يا ئەسلەۋاتقان ياكى قوللىنىغان ئادەمنى كۆرمىدىم ۋە ئاڭلىمىدىم. ئۇنىڭسىز ئاغرىقنىڭ ۋاقتى يېتىپ، بىمار ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

2005.1

بەزىلەر «بەل چىم بولۇپ قالغاندا ئېغىر بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىسا چاپسان ساقىيىدۇ» دەپ رېتسېپ بېرىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ نەقەدەر ياخشى نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مېنىڭچە بولغاندا، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان چاغدا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش لازىم. چۈنكى ئېغىر نەرسىنى تۇيۇقسىز كۆتۈرۈپ، باشتىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن بەل ئومۇرتقىسىنى قايرىۋېلىش ياكى ئومۇرتقىنىڭ دەز كېتىشى ئېھتىمال، شۇنداق قىلىپ ئاغرىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە دوختۇرغا مۇراجىئەت قىلىڭ. مېنىڭچە بولغاندا، ئىككىنچى ئۇسۇلغا نىسبەتەن بىرىنچى ئۇسۇل خەتەرسىز.

## باشنىڭ تەڭ بولۇشى

كۈندە يېتىپ يۈرگەن ئورنىڭىز، كۈندە قويۇپ يۈرگەن ياستۇقىڭىز بولغىنىغا قارىماي، بەزىدە ئەتىگەنلىكى ئورنىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى ئېغىر ھېس قىلىپ قالىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشىڭىز زىڭىلداپ ئاغرىيدۇ. سەل ھەرىكەت قىلسىڭىز، بېشىڭىزنىڭ ئىچىدە بىر يەر سانچىغاندەك قىلىدۇ ۋە ھەتتا كۆڭلىڭىزنىڭ ئېلىشىشىمۇ (بۇ تولىراق بالىلاردا كۆرۈلىدۇ) مۇمكىن. «يا ھاراق ئىچكىنىم يوق، بۇ نېمىشقا شۇنداق؟» دەپ ئەجەبلىنىسىز.

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، بۇ ئاغرىق ئادەمنىڭ جىسمانىي چارچىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ھارغان ئادەم ئىشتىن كېلىپ ئاخشىمى ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. ھەتتا بېشىنىڭ ياستۇقتىن چۈشۈپ كەتكىنىنى ياكى ياستۇقتىن ساڭگىلاپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇقمايدۇ. يۇمشاق ياستۇققا يېتىپ نورمال ئۇخلاپ يۈرگەن ئادەم يۇقىرىدىكى ئەھۋالغا قالغاندا بېشى قايسى ياققا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، شۇ تەرەپكە ساقىيىدۇ. ئاغرىقمۇ شۇ تەرەپتە سېزىلىدۇ ياكى نورمال يېتىپ ئۆگەنگەن ئادەم يېتىپ - قوپۇشتا سەل ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، باش ئاغرىقنى چوقۇم ھېس قىلىدۇ. بۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىڭىزمۇ سىناپ كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. بولمىسا، يىپ بىلەن باغلاپ قويغانغا باش ئاسانلا ساقىيىپ كەتمەيدۇ.

بۇ ئاغرىقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ماڭا مومام مەرىيەمخانمۇ ئادەمنىڭ قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن دەپ چۈشەندۈرەتتى ۋە باش تەڭلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن قائىدە بويىچە ئادەمنىڭ بېشىغا بىمالال يەتكىدەك چوكا تومۇلۇقىدا يىپ ئېلىنىپ ئوتتۇرىسىدىن چىگىلىدۇ. بىر قولىڭىزدا شۇ تۈگۈچنى، يەنە بىر قولىڭىزدا يىپنىڭ ئىككى ئۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، بىمارنىڭ بېشىنى تۆت تەرەپكە ئۆلچەڭ. مۇبادا باش تەڭ بولۇپ قالغان بولسا، يىپنى چىقارغاندا باشنىڭ ساقىغان تەرىپى بىلىنىدۇ. يەنە شۇ تەرەپتىكى يىپ ساڭگىلاپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ بېشىنى ئىككى ئالقىنىڭىز بىلەن تۇتۇپ ئۇياق، بۇ ياققا ئېغىتىڭ. ئاندىن بىر قولىڭىزنى مۇشت قىلىپ تۈگۈپ ئىككىنچى قولىڭىز بىلەن مۇشتنى ئاستا بىر نەچچە قېتىم ئۇرسىڭىز، تەڭ بولۇپ قالغان تەرەپ زىڭىلداپ ئاغرىيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ بېشىنى يەنە ئىككى ئالقىنىڭىز ئارىسىغا ئېلىپ ئۇياقتىن بۇياققا سىلكىڭ ۋە پېشانىسىدىن چىمداپ ئۈزۈڭ. ئىككى قۇلاقتىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ تارتىڭ. ئاخىرىدا بېشىنى تەڭلىگەن يىپ بىلەن تارتىپ چىڭ قىلىپ باغلاڭ. شۇنىڭدىن كېيىن تۈز يەرگە بەش مىنۇت ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇڭ. بەش مىنۇتتىن ئوشۇق بولسا، باشنىڭ قايتىدىن ئاغرىپ كېتىشى ئېھتىمال. كېيىن بىمار ئۆز ئورنىغا چىقىپ ئارام ئالسا بولىدۇ. ئىمكانىيەت بولسا بىرەر سائەت كۆزىنى ئىلىۋالسا تېخىمۇ ياخشى.

بەزىلەرنىڭ «بۇنى يازمىسا نېمە بولاتتى. چۈنكى ئۇ ھەممە بىلىدىغان ئىشقۇ» دېيىشى مۇمكىن. بىراق ئارىمىزدا بۇ ئۇسۇلنى تۇخۇم چېكىش بىلەن چاتاشتۇرىدىغان يولداشلارمۇ بار ئىكەن تېخى. ھاياتتا تېخى شۇ ئاددىي ئۇسۇلنى بىلمەي خىمىيىۋى دورىلارنى ئىشلىتىشكە ئالدىرايدىغان يولداشلارمۇ كۆپ ئىكەن. خىمىيىۋى دورىلارنىڭ بىر يەرگە داۋا بولغىنى بىلەن ئىككىنچى يەرگە ئەكسىچە تەسىر قىلىدىغانلىقى ھازىر كۆپچىلىككە مەلۇم. شۇڭا دورا بىلەن ئورگانىزمنى زەھەرلىمەي باش ئاغرىغاندا مۇشۇ ئاددىي ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئاپتورنىڭ 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىپالىق يۈز ئون گىياھ» ناملىق كىتابىدىن تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

www.uyghurkitap.com



# سۆيگۈ مۇنداقمۇ ئىپادىلىنىدۇ

2005 . 1

مەن گۇاڭجۇدا يوشۇرۇن تەربىيلىنىشنى قوبۇل قىلىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى. بىر كۈنى مۇئەللىم بىزگە: «مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن تېمىنى چىقاردى ھەم بىزدىن ھەربىر ئادەم بىر خىلدىن ئۇسۇلنى دېيىشنى، ئەمما، دەپ بولغاننى قايتىلىماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

بىزنىڭ جاۋابلىرىمىز خىلمۇخىل بولدى. بەزىلەر بۇنى كەڭ قورساقلىق قىلىش بىلەن ئىپادىلىسە بولىدۇ دېسە، بەزىلەر گۈل ۋە شېرىن گەپ ئارقىلىق ئىپادىلىسە بولىدۇ دېيىشتى يەنە بەزىلەر ئازابنى بىر ئادەم تارتىپ، خۇشاللىقتىن ئىككى تەرەپ تەڭ بەھرىمەن بولسا مانا بۇ مۇھەببەتنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى دېيىشتى ...

نۆۋەت دۇگىبىلىق چىنيى دېگەن قىزغا كەلگەندە ئۇ بىزگە مۇنداق بىر ھېكايە ئېيتىپ بەردى:

بىر جۈپ ياش ئەر ـ خوتۇن بار ئىكەن. ئىككىلىسى ئۆسۈملۈكلەر مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن، دائىم ئىپتىدائىي ئورمانلىقلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تەتقىق ئېلىپ بارىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار ئاۋۋالقىغا ئوخشاش ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان بىر تاغ باغرىدىن ئۆتكەندە، ئۇشتۇمتۇت توختاپ قاپتۇ. چۈنكى، ئۇدۇلدا بىر يولۋاس ئۇلارغا قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇلاردا ئوۋ مىلتىقمۇ يوق، قېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسكەن. ئۇلارنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ بىر قەدەممۇ سىلجىيالماپتۇ. يولۋاسمۇ ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن يولۋاس بولسا ئاستا ئۇلارغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇلار ئاستا كەينىگە چېكىنىپتۇ ۋە جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ قېچىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئەر تۇيۇقسىز ئۈنلۈك تۈۋلاپ باشقا تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ، غەلىتە ئىش، ھېلىقى ئايالغا يېتىشۋالاي دېگەن يولۋاسمۇ تۇيۇقسىز يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇ تەرەپتىن ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئايال بولسا ساق ـ سالامەت قايتىپتۇ. شۇ چاغدا ھەممەيلەن «خوپ بوپتۇ» دېيىشتى. بۇ ۋاقىتتا چىنيى بىزدىن: «ھېلىقى ئەرنىڭ نېمىدەپ ۋارقىرىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككى خىل جاۋاب چىقتى: (1) خوتۇن مېنى كەچۈرۈڭ! (2) تېز قېچىڭ!!

چىنيى ئېغىر تىنىۋېتىپ بىزگە: «خاتالاشتىڭلار، ئەر ئايالىغا: «چىنيىغا ئوبدان قاراڭ، ئاخىرىغىچە ئوبدان ياشاڭ...» دەپ تۇۋلىغانىدى. دەپلا كۆزلىرى لىق ياشقا تولدى. كۆپچىلىكنىڭ ھاڭ ـ تاڭ بولغانلىقىغا ۋە چۈشەنمىگىنىگە قاراپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى. «ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يولۋاس پەقەت قاچقان ئادەمگىلا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ يولۋاسنىڭ مىجەزى». دېدى. چىنيى ئاخىرىدا بىزگە: «ئەڭ خەتەرلىك ۋاقىتتا دادام يالغۇز قېچىپ كەتتى. بىراق مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئاپامغا بولغان سەممىي مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى» دېدى.

سىنىپنىڭ ئىچى بىر پەس جىمجىتلىققا چۆكتى. ئارقىدىنلا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىزە تۇيغۇن**

**مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد**

# فىنلاندىيە ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
# ماتېرىيال خەزىنىسى «خىلسىنكى»

بۇ خەزىنە فىنلاندىيىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات تېمىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ماتېرىيال مەركىزى. بۇ خەزىنىدىكى ماتېرىياللار قولىيازما، ئۈن ـ سىن لېنتىلىرى ۋە سۈرەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئالىملار، تەتقىقات ئورگانلىرى، مېدىيە ۋە بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارنى ئۆزىدە بار بولغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماتېرىيال خەزىنىسىدىكى تەتقىقاتچىلار، خىزمەتچى خادىملار تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا يەنە خەلقئارالىق ھەمكارلاشما تەتقىقاتلارغا ئىشتىراك قىلىپ، ئىندېكسلارنى كارتا قىلىپ ئىشلەش، تۈرگە ئايرىپ ئارخىپلاشتۇرۇش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىگە ئالاقىدار نەشر بۇيۇملىرى (جۈملىدىن تاللانما ئەسەرلەر، كۆرسەتمە، كاتالوگ، سىستېمىلاشقان ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرى ۋەھاكازالار)نى تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

فىنلاندىيە ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى توپلاش ئىزچىل تۈردە مەزكۇر خەزىنىنىڭ يادرولۇق خىزمىتى بولۇپ كەلگەن. ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرى خەزىنىسىدە قولىيازما ماتېرىيال بۆلۈمى، ئۈن ـ سىن ماتېرىيال بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر بار بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ئاغزاكى ئەنئەنە (جۈملىدىن يازما ئەنئەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)گە ئالاقىدار ئەڭ چوڭ ماتېرىيال خەزىنىسى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدا 515 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قولىيازما خاتىرىسى ماتېرىيال ئامبىرى، 14 مىڭ 500 سائەتلىك ئۈن لېنتىسى ئامبىرى، 950 سائەتلىك سىن لېنتىسى ئامبىرى، 110 مىڭ پارچە سۈرەتتىن تەركىب تاپقان رەسىم ئامبىرى بار.

مەزكۇر خەزىنە 1935 ـ يىلى فىنلاندىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئېپوسى «كارېۋارا»نىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھارپىسىدا، بىر توپلىغۇچىنىڭ تور ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن قۇرۇلغان. ھازىرغا قەدەر 30 مىڭدىن كۆپرەك توپلىغۇچى مەزكۇر خەزىنىنىڭ ماتېرىيال قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان بولۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالىملار بۇ خەزىنىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ماتېرىيالدىن ھەقسىز پايدىلىنالايدىكەن.

**فىنلاندىيە تۈركۈ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئارخىپخانىسى**

بۇ ئارخىپخانا 1964 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تۈركۈ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فولكلور فاكۇلتېتى بىلەن سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىق فاكۇلتېتى بىرلىشىپ، دالا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئېرىشكەن ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئارخىپقا تۇرغۇزۇپ ساقلىغان. بۇ ئارخىپخانا ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرى تەتقىقاتى بىلەن ئوقۇتۇشنى ئالاھىدىلىك قىلغان بولۇپ، كۆلەم جەھەتتە فىنلاندىيە ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرى خەزىنىسى (خىلسىنكى)دىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئارخىپخانىدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى داڭلىق ئالىم لاۋرىي. كونك 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا توپلىغان بولۇپ، بۇلار تەدرىجىي ھالدا ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدىغان ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىگە دائىر ماتېرىيال خەزىنىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. مەزكۇر خەزىنە توپلىغان ماتېرىياللار قولىيازما ماتېرىياللىرى، نۇسخىلانغان ماتېرىياللار، دالا تەكشۈرۈش خاتىرىسى، ئۈن ـ سىن لېنتىسى، نېگاتىپ، سۈرەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقايسى ماتېرىياللار يىل تارىخى بويىچە تەرتىپكە تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرى سان ـ سىپىر ئامبىرى ۋاستىسى بىلەن تۈرگە، ئىندېكسقا ئايرىلىپ، بۇلارنى كومپيۇتېر سىستېمىسى بىلەن باشقۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ھەمدە ئۇلار خەلقئارالىق ئىنتېرنېت تورىدا فىنلاندىيە ۋە ئىنگلىز تىلىدا ئۆزىنىڭ تور پونكىتىنى قۇرۇپ چىققان.

مەزكۇر ئارخىپخانا تاكى ھازىرغا قەدەر 6684 دانە ئۈن لېنتىسى ماتېرىيالى (تەخمىنەن 10 مىڭ سائەتلىك)، 703 دانە سىن لېنتىسى، 7845 دانە نېگاتىپ (رەسىم پىلىونكىسى)، 4652 پارچە رەسىم قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىيالنى توپلىغان بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار تەخمىنەن 20 مىڭ دانە ئارخىپ قىلىنغان.

خەنزۇچە «فولكلور تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدىن تەييارلىغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىر: خۇرشەنئاي مەتىمىن




# قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغاندىن كېيىن

ئۇ قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى بولۇپ، سۇس قار يېغىۋاتاتتى. 200 مېتىرلىق دائىرىدە بىرەر ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى. گېرمانىيىلىك كېل ئەپەندى پىكاپىنى ھەيدەپ تۆت كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كەلدى. كوچا ئېغىزىدا قىزىل چىراغ يېنىقلىق تۇراتتى، بىردەم ساقلاپ تۇرۇشنى ئارتۇق كۆرگەن كېل ئەپەندى تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئويىدا قىزىل چىراغنى بۆسۈپلا ئۆتۈپ كەتتى.

ئەپسۇسكى، ئويقۇسى قېچىپ كوچا چۆرگىلەپ يۈرگەن بىر موماي بۇ ئىشنى كۆرۈپ قالدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈنلا ئۆتۈپ، سۇغۇرتا شىركىتىدىكىلەر كېل ئەپەندىگە تېلېفون بەردى:

—كېل ئەپەندى، سىزنىڭ سۇغۇرتا ھەققىڭىز ئەتىدىن باشلاپ بىر پىرسەنت ئۆستۈرۈلىدۇ.

—نېمە ئۈچۈن؟

—بىز تېخى بايىلا قاتناش ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، پەرىزىمىزچە، سىزدەك ئادەملەر تولىمۇ خەتەرلىك، شۇڭا، سۇغۇرتا ھەققىڭىزنى بىر پىرسەنت ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدۇق.

كېل ئەپەندى ئىچىدە، ئۇنداق بولسا بۇ شىركەتتىكى سۇغۇرتامنى قايتۇرۇۋېلىپ، باشقا سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ سۇغۇرتىسىغا قاتناشسام بولمىدىمۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ شېرىن ئويى ئۇزاققا بارمايلا كۆپۈككە ئايلاندى. چۈنكى سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ ھەممىسى تورلاشتۇرۇلغان بولۇپ، باشقا سۇغۇرتا شىركەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا باشقىلارغا قارىغاندا سۇغۇرتا ھەققىنى بىر پىرسەنت ئارتۇق ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى، دېمەك، پۈتۈن گېرمانىيىدىكى سۇغۇرتا شىركەتلىرى ئۇنىڭ قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ بولغانىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايالى جىددىيلەشكەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى:

—دادىسى، بانكىدىن ئۇقتۇرۇش كەپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش پۇلىنى 15 يىلغا بۆلۈپ تاپشۇرۇش مۇددىتىنى ئون يىلغا قىسقارتىپتۇ، زادى نېمە ئىش بولغانىدى؟

—كەچۈر، ئۆتكەندە قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتكەنىدىم.

—نېمە؟ قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتكەنمىدىڭىز؟ ئۆيدە پۇلنىڭ يوقلۇقىنى ئاز دەپ، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىپسىز، ئەمدى قانداق قىلدۇق؟

ئارقىدىن ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى.

—دادا مۇئەللىم ماڭا ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇرۇشنى ئېيتىۋاتىدۇ. تېخى مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇرۇشقىمۇ بولمايدىكەن.

ئوغلى دادىسىنىڭ قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قاقشاپلا كەتتى:

—دادا، راست شۇنداق قىلدىڭىزما؟ ساۋاقداشلار مېنى بىكاردىن زاڭلىق قىلماپتىكەندە! كېلەر ھەپتە مەكتەپكە بارمايمەن، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ!

ئىشقىلىپ، بۇ گېرمانىيىلىك ئەپەندى قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈنلا، ئەنە شۇنداق ئىلاجسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

ھەممە ئىشنىڭ جۆپتى بولغاندەك، بىر جۇڭگولۇق سەھەردە پىكاپىنى ھەيدەپ ئوغلىنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ قىزىل چىراغقا كەلگەندە خۇددى ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك بۆسۈپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئوغلى ھەيران بولۇپ، دادىسىغا دېدى.

—دادا، قىزىل چىراغتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتىڭىزغۇ؟

— ھېچقىسى يوق، مېنىڭ شوپۇرلۇق تېخـنــىكـام ياخشى.

— دادا، مۇئەللىم بىزگە يولدىن ئۆتىدىغان چاغدا قىزىل چىراغتىن بۆسۈپ ئۆتمەڭلار، دېگەنىدى.

— قارا، قىزىل چىراغنى بۆسۈپ كېتىۋەردىمغۇ؟ يول ئېغىزىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرسام بولامتى؟

ئۇنىڭغىچە، بىر قاتناش ساقچىسى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ پىكاپىنى توستى:

— قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز؟ پراۋىڭىزنى چىقىرىڭ.

— ۋاي - ۋۇي، بايا دىققەت قىلماپتىمەن، بۇ قېتىم بولدى قىلىۋېتىڭ، يەنە كېلىپ مەن قاتناش ۋەقەسى پەيدا قىلمىدىمغۇ؟ كېيىنكى قېتىم چوقۇم دىققەت قىلىمەن، قېنى، تاماكا چېكىڭ.

— قاتناش قائىدىسىگە ئاساسەن سىزدىن ئىككى نومۇر تۇتۇپ قالىمىز.

ھېلىقى جۇڭگولۇق پىكاپىغا چىققاچ ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇرۇپ:

— ئەجەب بىر ئەستايىدىللىق قىلىپ كەتتىڭا! قېنى قايسىمىزنىڭ نوچىلىقىنى بىر كۆرۈپ باقايلى.

ئارقىدىن ئۇ يانفوننى چىقىرىپ بىرەيلەنگە تېلېفون بەردى.

ھايال ئۆتمەي، ھېلىقى قاتناش ساقچىسى ئالدىراش يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاچ:

— ۋاڭ باشقارما باشلىقى ئىكەنسىزغۇ! بالدۇرراق دېگەن بولسىڭىزچۇ! ئالدىڭىزدا بەك سەت ئىش قىلىپ قويۇپتىمەن. قېنى مەرھەمەت، مەرھەمەت — دېدى.

ۋاڭ باشقارما باشلىقى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي غادىيىپ ئولتۇرغىنىچە پىكاپىنى ئوت ئالدۇردى.

«فېلىيەتونلار گېزىتى»دىن

قاھار ئوسمان تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# كەمچىلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بەرگەنلەر بىزنىڭ دوستىمىز

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتەرەم ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، مىللىي مەدەنىيىتىمىز، تىلىمىزنى، ئەنئەنىمىزنى ۋە تارىخىمىزنى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە ئۇلاپ، مىللىيلىكتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي مەدەنىيەت تۈپرىقىدا مەنىۋىيەت ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرۇپ كەلدى. ھەمدە 2001 - يىللىق ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ژۇرناللارنى باھالاشتا«مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، 2002 - يىلى «مەملىكەتلىك نۇقتىلىق 100 ژۇرنال» بولۇپ باھالاندى.

ژۇرنىلىمىزنى تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىگە مۇھتاجمىز. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ پائالىيەتكە قىزغىن بىلەن قاتنىشىشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

پىكىر - تەكلىپلىرىڭىزنى ئەۋەتكەندە جەدۋەلنىڭ مەزمۇنى بويىچە يېزىپ ئەۋەتىڭ. ژۇرنىلىمىزغا پايدىلىق بولغان پىكىر ۋە تەنقىدلەرنى «گۈل ۋە تىكەن» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

| | |
|---|---|
| 1 | سىز بۇ ساندا ئەڭ ياقتۇرغان ئەسەر |
| 2 | سىز بۇ ساندا ئەڭ ياقتۇرغان سەھىپە |
| 3 | بۇ سان ژۇرنالنىڭ مۇقاۋا لاھىيىلىنىشكە بەرگەن باھايىڭىز |
| 4 | بۇ سان ژۇرنالنىڭ ئىچ بەتلىرىنىڭ لايىھىلىنىشكە بەرگەن باھايىڭىز |
| 5 | سىز بۇ ساندا بايقىغان كورېكتور خاتالىقى |
| 6 | يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئويلىغانلىرىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزغا بەرگەن باھاسى: پىكرى كۆز قاراشلىرىنى ئەۋەتىڭ. |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسىم فامىلىسى | | كەسپى | | يېشى | |

ئۇيغۇر كتاب تور بېكتى
www.uyghurkitap.com

















ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى



# 美拉斯

# مىراس


主管：新疆维吾尔自治
区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》编辑部
（乌市友好南路22号文联14层）
电话：（0991）4554017
印刷：新疆日报社印务中
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1
国外统一刊号：IS
代号：58—60
邮编：830001　定价

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر
ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە
بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65- 1130\1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60
باھاسى: 5.00 يۈەن